# بەرگى خازان

(پوۋېست)

ئايشەم ئىسمايىل تەبەسسۇم

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# بەرگى خازان

كۆك قەرىدە ئالتۇن لىگەندەك چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرلىرىنى يەر-زېمىنغا سېخىلىق بىلەن چېچىۋاتقان ياز كۈنى ئىدى. چېكىقى چۈش مەزگىلى بولغاچقا هاۋا دىمىق، جاننى قاخشاتقۇدەك ئىسسىق. قىڭغىر-قىيسىق ئېتىز يوللىرىدىكى قىزىق توپا ئۇستىدە كۆيگەن يالاڭئاياق پۇتىنى ئىتتىك-ئىتتىك يۆتكەپ، تىز چامداپ كېتىۋاتقان هەمراگۈلنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى ۋە پېشانىسىدىن تەر تامچىلاپ تۇراتتى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، بويى بىلەن تەڭ بىر تاغار ئوتنى يۈدۈۋالغان بولۇپ، ئوزايىدىن بەكمۇ هارغىن كۆرۈنەتتى. ئەتىگەن چىققانچە هازىرغىچە قايتمىغان بولسا كېرەك، تاغىرى ئېتىلىپ كەتكۈدەك جىق ئوت ئېلىپ، پاتمىغىنىغا ئۇنىماي كەپلەپ تىقىپ ماڭغانلىقى ئېنىق ئىدى. قوناقلار ئادەم بويىدىن ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن، يولنىڭ ئوڭ-سول تەرەپلىرى هەممىسى قوناقلىق بولغاچقا، هەمراگۈل ئەتراپقا سەل ئەلەڭگىپ قاراپ قويۇپ، قەدىمىنى تىز-تىز ئالاتتى. ئۆشنىسىدىكى تاغار ئېغىر بولغاچقا هە دېگەندىلا ئۇنىڭ گەۋدىسىنى ئېگىپ، ئېغىر هالسىرىتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆيگە تىزراق كېتىۋېلىش، ئادەمسىز ئېتىزلىقتىن كېلىۋاتقان قورقۇنچ، ئەندىشىلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، تىنچ-خاتىرجەم هالدا ئۆيگە بېرىۋېلىش، رەھىمسىز ئۆگەي ئانىسى تاپشۇرغان << مۇشۇ تاغارنى توشقۇزمىسا ئۆيگە كەلمەسلىك>> هەققىدىكى بۇيرۇقىنى ئورۇنلاپ بولغانلىقىنى دوكلات قىلىپ، ئارام ئېلىشقا رۇخسەت ئېلىش، ئاندىن مۇزدەك سۇدا يۇز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، مۇزدەك سوغۇق سۇدىن قانغۇدەك ئىچىپ، هويلىسىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخى ئاستىغا قويۇلغان كاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، بىردەم يېتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ هەقىقەتەنمۇ هارغان ئىدى. مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇنى يېتىملىك كوچىسىدا زار، ئۆگەينىڭ قولىدا خار قىلىپ بىمەهەل ئاللاهنىڭ دەرگاهىغا كەتكەن مېهرىبان ئانىسى يادىغا يېتىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يىغا ياماشتى.

-كاشكى، ئانام هايات بولغان بولسا...-، دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە. شۇ هامانلا بۇرنى ئېچىشىپ، ئىچ-ئىچىدىن ئاچچىق بىر يىغان ئۆرلەپ چىقتى. ئۇ ئىزىدا چىپپىدە توختىدى. ئۆشنىسىدىكى تاغارنى يەردە قويۇپ، بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى، ئەمما بايا ئۆز ئېتىزىدا ئۇنى قانچىلىك تەسلىكتە يۈدىگىنى يادىغا كېلىپ، يەنە يەردە قويمىدى. چۈنكى مۇنداق داق يەردە قويسا، يۈدىشكە ياردەملىشىپ، تېگىدىن كۆتۈرۈپ ئۆشنىسگە ئارتىپ قويىدىغان بىرەر ئادەم

ياكى ئېرىقنىڭ ئىگىزرەك قىرىغا چاغلىق بىر يەر بولمىغىنىدا، تاغارنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئېلىپ يۈدۈشى تەسكە توختايتتى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ چىداش قارارىغا كەلدى. ئېتىز يولىدىن چوڭ يولغا چىقىپ بەش يۈز مېتىرچە ماڭسا ئۆيىگە باراتتى. چوڭ يولغا چىقسا تاغارنى قويۇپ تۇرۇپ ئارام ئالىدىغانغا كىســـــپ تاشــــلاپ قويۇلغىنىغا خېلى بولغان ياغاچلار دۆۋىلەپ تىزىپ قويۇلغان بىر دوقمۇش بار بولۇپ، شـۇ يەرگە بارغاندا بىردەم ئارام ئېلىۋالسـا تامامەن بولاتتى. ھەمراگۈل شـۇلارنى ئويلاپ، بارغانچە سېلىنىپ كېتىۋاتقان تاغارنى يەنىمۇ كۆچەپ تۇرۇپ ئىگىزرەك كۆتۈردى ئاندىن يىڭى بىلەن پىشانىسىدىن ساقىۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

ـ ھاھ!

ـ ئانام!...

تۇيۇقســـىزلا ســـەت ۋارقىرىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ چىرقىرىغىنىچە ئۆشـــنىســـىدىكى تاغارنى يەرگە تاشلىغان ھەمراگۈل، تامدەك تاتىرىپ ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى تۇتىۋالدى. ئۇ قورققىنىدىن غال ـ غال تىترەيتتى. پۇت ـ قولىدا جان قالمىغان بولۇپ، ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى.

ـ ھى ھى ھى ھى... قورقۇپ كەتتىڭ ھە؟

ـ ئادەممۇ سەن ھېي گاچا؟ شۇنداقمۇ قورقۇتقان بارمۇ، دەلتە!

ـ ھى ھى... نېمە خىيال قىلىپ كېتىۋاتقانتىڭ ئۇنچە؟ قوناقلىقتىن خېلى شـــەپە قىلىپ چىققان بولمىسا. ئۆزۈڭنىڭ بىغەملىكىدىن كۆر...

ـ ۋاي ماڭە، جىلە بولۇپ ئاران تۇرغاندا...

ھەمراگۈل ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشـىدىن پەخىرلەنگەندەك سـەت ھىجىيىپ تۇغان سـەمەتكە قاتۇرۇپ بىرنى ئالىيىۋەتكەندىن كېيىن، ســـەل ئىزىغا چۈشـــكەن يۈرىكىنى ئوت ۋە لاي يۇقۇندىلىرى بىلەن بولغانغان قولى بىلەن پە سكە قارىتىپ بىر نەچچىنى سىيرىدى ئاندىن يىنىك بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان تاغىرىنى قايتىدىن يۈدۈشكە تەمشەلدى.

ـ ۋاي خاپا بولمىغىنە، مۇشـــۇ كۈنلەردە بەك نازۇكلىشـــىپ كېتىپ بارىســـەن جۇمۇ. مۇنداقلا چاقچاق قىلغانغىمۇ شۇنچە سىلكىمسەن ئەمدى؟ ئەكىلە، مەن ئاپىرىپ بىرەي...

ـ ماڭغىنا ۋاي، مۇشـــۇ ئوتنى يۈدۈپ بىزنىڭ ئۆيگە بارغىچىلىك مىجىلىپ ســـۆيۈك چىقىپ كېتەرمىكىن ؟ـ دىدى ھەمراگۈل ئۇنىڭغا باشـــتىن ـ ئاخىر بىر قاراپ چىقىپ مەنســـىتمىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ.

- ۋويي مانى، دەپ قاپسەن، ماقۇل دېسەك، سېنىمۇ كۆتۈرۈپ يېزىمىزنى نەچچە ئايلاندۇرغۇچىلىكىم بار جۇمۇ! كۆرگەنسەن ماۋۇ مۇسكۇللارنى! - سەمەت شۇنداق دەپ، يېرىم تۇرۇلگەن يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئىنجىقلاپ، چىڭقىلىپ تۇرۇپ بىلىكىنىڭ بۆلجۈك گۆشىنى سەل چىقاردى ھەم << كۆرە قېنى >> دېگەندەك ھەمراگۇلنىڭ ئالدىغىراق كەلدى.

- نېمە جېنىمنى چىقىرىدىغاندۇ، ھەي، بىڭىسىك بولسا پو ئاتماي بىر كۆتۈرۈپ باقمامسەن قېنى!

- كۆتۈرسەم كۆتۈردۈم، قانچىلىك ئىشتى؟! - سەمەت شۇنداق دېگىنىچە تاغارنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتۇپ، بىرلا ئىرغىتىپ يەردىن ئۈزۈپ كۆتۈردى ۋە چاققانلىق بىلەن چۆرۈپ ئەكىلىپ، ئۆز شىنىسىگە ئالماقچى بولىۋىدى، دەل شۇ چاغدا ھەمراگۇل يالاڭئاياق پۇتى بىلەن ھاۋادا لەيلەپ كۆتۈرۈلگەن تاغارنى بوشقىنا تېپىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن تاغار يانغا قىيسىيىپ كېتىپ، سەمەت دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي تاغار بىلەن قوشۇلۇپ يەردە يېتىپ قالدى. ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. ھەمراگۇل ئىچ - ئىچىدىن ئېچىلىپ كۈلگەن ئىدى. ئۇن يەتتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزنىڭ سەدەپتەك ئاق چىشلىرى يۇمران غۇنچىدەك قىزىل ھەم چىرايلىق لەۋلىرى ئارىسىدىن خۇددى چىرايلىق تىزىلغان مەرۋايىت مارجاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. چوڭ قارا كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، قارا قۇمچاق كەلگەن تېرىسى، سوزۇق يۈزلىرى تېخىمۇ پارلاپ كەتتى. ئىككەيلەن بىر ھازا كۈلۈشۈپ توختىغاندىن كېيىن، ھەمراگۇل سەمەتكە ياردەملىشىپ تاغارنى يۆتكۈزۈپ قويدى. ئىككىسى ياندىشىپ مېڭىپ چوڭ يولغا چىقىشتى.

- نېمانچە ۋاق قالسەن ھەي جىن ئەپ قاچقۇر جۇۋاينىمەك ؟ قويلار مۇشۇ كەمگىچە قاق ناشتىسىز، نەلەردە چىتان مارىلاپ يۈردۈڭ ؟ قارىنىڭ ئاچمىسا كەلمەيسەن ھە بۇ ئۆيگە؟...

سەمەت ئوت قاچىلانغان تاغارنى يۈدۈپ، ھەمراگۇل ئۇنىڭغا ياندىشىپ مېڭىپ، ھەمراگۇللەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، سەمەت تاغارنى يەردە قويدى ۋە ھەمراگۇلگە ئەپلەشتۈرۈپقىنا يۈدىگۈزۈپ قويدى. ئۇ تاغارنى يۈدۈپ دەرۋازىدىن كىرىشىگە، ئۆگەي ئانىسى ئاچ قالغان قانجۇقتەك قاۋاپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىدا پەيدا بولدى. ھەمراگۇلنىڭ قۇلىقىدىن كىرگەن بىر ئاغرىق پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىغىچە يېرىپ توختىدى. << بىر ھارغاندىن گەپ سورىما، بىر ئاچقاندىن>> دېگەن گەپ بار، بىراق بۇ ئۆيدە ھەمراگۇل مەيلى قانداقلا ۋاقىتتا بولسۇن، ئۆگەي ئانىنىڭ تاپا - تەنە، ئىزا - ئاھانەت ئەرمىكى ئىدى.

ھەمراگۇل تاغارنى يۈدۈپ، ھالسىزلانغان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، ئېغىلغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىشقا ئازلا قالغان ياشلىرى كىرپىكىدە ئېسىلىپ قالدى. شۇنداق،

ئۇنىڭغا تۇزۇك چىراي ئېچىپ باقمىغان بۇ ھاياتنىڭ قايسى بىر پۇتمىشلىرىگە يىغلاپ ئۇلگۇرىدۇ؟ بارچە كىشىلەر تۇق - باياشات، خۇشال - غەمسىز ياشاپ يۇرگەن بۇ ھاياتتا، ھېچنەرسە ۋە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا چىراي ئېچىپ قارىمىدى. تەقدىرى ئەزەلدە پىشانىسىگە پۇتۇلۇپ كەتكەن بۇ تارتىمىشلارنىڭ پايانى زادى قانچىلىكتۇ؟ بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. پەقەت بىلىدىغىنى - ئۇ بىر يېتىم. بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ كۇنلەر، بۇ ئۆچ كۆرۈش، چەتكە قېقىشلار ئۇنىڭ يېتىم بولغانلىقى سەۋەپلىك بولىۋاتىدۇ. ئانىسى يوق، شۇڭا ئاتالمىش يات بىر ئانىنىڭ ئالدىدا خار. دادىسى بار، لېكىن، ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا بۇ دادىنىڭ تىلى قىسقا. بۇ كۇنلەر ھامان شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

ھەمراگۇل ئېغىلدىن چىققىنىدا، گۇلدەك ياسانغان ئۆگەي ئانىسى ھويلا تېمىغا قاداپ قويۇلغان ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۇزەۋاتاتتى. ھەمراگۇل تۇرۇۋېلىپ سۇ چۇشۇرۇپ، يۇز - كۆزلىرىنى يۇيدى. ئۆگەي ئانىسىنىڭ نە ئۇنىڭ يىغلاپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە، نە ئىسسىق ھاۋا ۋە تەر دە ستىدىن كۆيۇپ قارىدىغان يۇزلىرىگە، ھۆل بولۇپ چېكە سىگە چاپلىشىپ قالغان چاچلىرىغا، نە قىزىق توپىغا دەسسەۋېرىپ يېرىلىپ كەتكەن يالاڭئاياق پۇتلىرىغا قارىغۇدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى. قارىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشى يوق گەپ ئىدىكى، ھەرگىزمۇ ئانىلىق مېھرى بىلەن، ھېچبولمىغاندىمۇ ئاياللىق يۇرىكى بىلەن ھىسداشلىق قىلمايتتى. ھەمراگۇل يۇز كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئالىقانلىرىنى يېرىم جۇپلەپ، ئېقىپ تۇرغان سۇغا تۇتتى ۋە ئالىقانلىرى سۇغا توشقاندا ئېگىشىپ تۇرۇپ غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ مۇزدەك سۇدىن قېنىپ ئىچكەندىن كېيىن، ئالقىنىدىكى سۇنى تۆكۇۋېتىپ تۇرۇۋېنى ئەتتى، ئاندىن ئۆرە بولۇپ بىلىنى رۇسلىدى. شۇ چاغدىلا بىر ئاز ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ، سەل يېنىكلىدى.

- مەن تويغا ماڭدىم، كىرلەرنى يىغىپ قويدۇم، كەچكىچە يۇيىۋەت. داداڭغا دەپ قويدۇم، قىزنى يۆتكىشىپ بېرىپ كېلىمەن. شۇنىڭغىچە تاماق ئېتىپ، داداڭنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويۇپ تۇرارسەن. مەن كەلگەندە يەنە كايىپ قالىدىغان بولسا ھېساپىنى سەندىن ئالىمەن!

- ماقۇل...

ھەمراگۇل پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان يەرگە تاراقشىپ دەسسەپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئۆگەي ئانىسىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۆگەي ئانىسى سىرتقا چىقىپ دەرۋازىنى ياپقاندىلا ئاندىن روھى كۆتۇرۇلۇپ، ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە سېزىپ، يېنىك تىن ئالدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆگەي ئانىسى ئۇ - بۇ ئىشلار بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن مۇشۇنداق يالغۇزلۇق پەيتلا ئۆزى ئۇچۇن تېپىلغۇسىز ئارام پۇرستى ئىدى. گەرچە ئۆگەي ئانىسى مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ئىش تاپىلاپ چىقىپ كېتىدىغان بولسىمۇ، بىردەم بولسىمۇ يالغۇز قېلىش، ئەركىن - ئازادە خىيال

ســـۈرىۋېلىش، تىل ئاڭلىماي، ئارامخۇدا ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئارزۇســـىدا ئۆگەي ئانىســـىنىڭ چىقىپ كېتىش ئالدىدىكى بارلىق بۇيرۇملىرىغا چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، خۇشـــاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرەتتى.

ئۇ ئۇجمە دەرىخى ئاستىغا قويۇلغان كاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ياتتى. بۇ يېتىش ئۇنىڭغا شۇ قەدەر خوشياقتىكى، ئۇگە ـ ئۇگىلىرى بوشاپ، شۇنچىلىك راھەتلىنىپ قالدى.

ئاســـمان كۆپكۆك، ئاندا ـ ســـاندا ئۇزۇشـــۇپ يۈرگەن بۇلۇتلار خۇددى ئۇچۇشـــۇپ يۈرگەن پەرىزاتلاردەك كۆرۈنەتتى. ھەمراگۇل شـــۇنداق يېتىپ بارا ـ بارا كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۆز ئانىسى رىسالەت خېنىم ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى...

ـ پاسبانىم ئانا، كېلىڭە جېنىم ئانا، سىزنى بەكمۇ سېغىندىم...

ھەمراگۇل شۇنداق دەپ ئانىسىغا قولىنى سوزۇۋىدى، ئانىسى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ چىرايىغا قارىدى. ئانىسى بىر چىرايلىق كۈلۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن ياش تامچىلاپ تۇراتتى. بىر نەچچە تامچە ياش ئانىسىنىڭ مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تامچىلىدى...

ھەمراگۇل يۈزلىرىگە چېچىلغان سۇ تامچىلىرىدىن چۆچۈپ ئويغاندى.

ـ كىمنى چۈشەپ كەتتىڭ ئۇنچە تاتلىق كۈلۈمسىرەپ؟ ـ ھەمراگۇلنىڭ يېنىدا دوستى مېھرىبان ھەييارلارچە كۈلۈپ، قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھۆل قوللىرىدىن سۇ ساقىۋاتقان بولۇپ، ساپما كەش كىيىۋالغان پۇتلىرى كەشى بىلەن قوشۇلۇپ ھۆل ئىدى.

ـ ئۇف...، ـ دېدى ھەمراگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ. ئاندىن ئۆزىنى رۇسلاپ، كاتتا قايتا ئولتۇرۇپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى ـ ئانام رەھمەتلىكنى چۈشەپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە بىر چىرايلىق كۈلۈپ ماڭا قاراپ تۇرغىدەكمىش...

ھەمراگۇلنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، دېمىقى ئېچىشتى. كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ مۆڭلاندى. مېھرىبان دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى:

ـ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئاداش. قانداق قىلىمىز؟ ھەممىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىمىز شـــۇ. سەن مۇنداق يىغلاپ ، مۆڭلىنىپ ئولتۇرساڭ ئاناڭ رەھمىتىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. چىداشلىق بول ئاداش، ھەرقانچە قىلساقمۇ كەتكەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى، ياكى ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ...

ھەمراگۈلنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ، كىرلەشكەن قىزىل رەڭلىك كوپتىسىنىڭ مەيدىسىگە سىڭىپ كەتتى. مېھرىبان ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىمەن دەپ باغرىنى ئىزىپ قويغىنىنى ھىس قىلىپ، ئوڭايسىزلىنىپ قالدى ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

- مېنى قارشى ئالمىغاندەك مىچىلداپ ئولتۇرىسەنغۇ؟ قوپە بىزنىڭ ئۆيگە چىقمىز.

- نېمىشقا؟ - دېدى ھەمراگۈل ياشلىرىنى سۈرتۈپ مېھرىبانغا يانتۇ قاراپ.

- مەنمۇ ئۆيدە يالغۇز، بىردەم بىزنىڭ ئۆيدە مۇڭدىشىپ ئولتۇرايلى. ئۆگەي ئاناڭنىڭ قارىسى يۈتكىچە ئىشىكىڭنى بېقىپ تۇرۇپ ئاران كىردىم جۇمۇ ئۆيۈڭگە. ھېلى قايتىپ كېلىپ مېنى بۇ ئۆيدە كۆرسە يەنە ئاۋاز لامپىسى ئاپتوماتىك ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆزلىكىدىن سايراپ كېتىدۇ ئۇ خۇش ئاۋاز بۇلبۇلۇڭ، ھى ھى ھى... شۇڭا بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرايلى.

- ئەنسىرىمە، ئۇ بەك كەچ كېلىمەن دەپ ماڭدى. پەمىچە نامازشامنى قىلىپ ئاران كېلەلەيدۇ. شۇنىڭغىچە بىز ئازات دېگىنە! - ئىككى دوست يېقىملىق كۈلۈشتى - شۇڭا مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرايلى، يەنە كېلىپ، يۈيمىدىغانغا بىرمۇنچە كىر يىغىپ قويۇپتۇ، ئىنسابى تۇتۇپ قېلىپ. شۇلارنى يۇيۇۋەتمىسەم ئۇ ئاۋاز لامپىسى يەنىلا ئۆزلىكىدىن ئىشلەۋېرىدۇ ھا ھا ھا....

- ھى ھى ھى ھى... بولدى قويە، بىردەم پاراڭلىشايلى. سەل تۇرۇپ مەن يۇيۇ شۇپ بېرىمەن ساڭا - دېدى مېھرىبان ئۇنىڭ يېڭىنى تۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ نارازىلىق بىلەن بىلىكىدىن تارتىپ ئولتۇغۇزۇپ.

- ۋاي ماقۇل باشلىق خېنىم - ھەمراگۈل دوستىغا ئەركىلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىلا ئولتۇرىۋالدى - مانا ئولتۇردۇم.

ئىككى دوست بىر - بىرىنى غىدىقلىشىپ بىردەم كۈلۈشمەك ئويىنىغاندىن كېيىن، ھېرىپ - ھاسىرىشىپ كاتتا ئوڭدىسىغىلا ياتتى. ھەرئىككىسىنىڭ چىرايىدا تاتلىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

- ھەي - دېدى مېھرىبان پەس ئاۋازدا كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ يېتىپ - سەمەت بىلەن قانداق ئۆتىۋاتىسەن؟

- قانداق ئۆتۈپتىمەن؟ شۇ دوستقۇ بىز...- ، ھەمراگۈل ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى.

- تولا خۇپسەنلىك قىلمىغىنە خېنىم - دېدى مېھرىبان دەررۇ دوستىغا يۈزلىنىپ يانتۇ بولۇپ - ئۆزۈڭچە مەندىن سىر يوشۇرۇپ يۈرەمسەن تېخى؟ سەن دەپ بەرمىگەن بىلەن مەن ئاڭلاپ بولدۇم جۇما يەنە...

- نېمىنى ئاڭلايدىكەنسەن؟ تۇۋا مانى... خىيالىمدا يوقلا بىر گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈيسەنغۇ ئەمدى - ، ھەمراگۈلنىڭ مىختەك تىكىلگەن كۆزلىرى ئۇنىڭ يالغان سۆزلىمەيۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

- ھە؟... راست بىلمەمتىڭ؟ ئەمىسە بۇ تېخى ئۇنىڭ خىيالىكەن - دە...

- كىمنىڭ، قانداق خىيالىكەن؟ جىلە قىلماي بىر باشتىن دېسەڭچۇ ۋوي!

- باشتىن دېگۈدەك گەپمۇ يوق - دېدى ھەمراگۈل ئورنىغا سىيىپ قويغان بالىدەك ئوڭايسىزلىنىپ - شۇ... تۆنۈگۈن كەچتە ھويلىدا تاماقتا خېمىر يۇغۇرىۋېتىپ، ئاكام بىلەن سەمەتنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم...

- نېمە دېيىشتى؟ - ھەمراگۈل مېھرىباننىڭ گېپىنى بۆلۈۋېلا سورىدى - مەن توغرىلىق ئەمەستۇ؟

- ۋاي بىر جىم تۇرە ئادەمنى جىددىيلەشتۈرمەي، دەپ بەرگىلىۋاتىمەنغۇ ھېلىمۇ - ، مېھرىبان تەرىنى تۈردى - تازىمۇ ئاشۇ...

- ماقۇل، ماقۇل، دېگىنە ھە - ھەمراگۈل دوستىغا يېقىنراق سۈرۈلدى - نېمە گەپكەن ئۇنچە؟

- سەمەت ئاكامغا سەن بىلەن توي قىلغۇسى بارلىقىنى، لېكىن، ئۆگەي ئاناڭدىن قورقۇپ ئەلچى كىرگۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن، بىر ئامال قىلىپ يىل ئاخىرىغىچە توي قىلۇۋەتمىسە بولمايمىش تېخى. ساڭا كۆز تىكىپ يۈرگەنلەر كۆپ بولغاچقا قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىكەن.

ھەمراگۈل جىمجىت بولۇپ قالدى. قانداقتۇر بىر سېزىم ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدى كىرىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ كەتكەندەك، ئۆزى ھاۋادا لەيلەپ قالغاندەك بولۇپ بىر قىسما ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا جەينەكلەپ بېشىغا تىرەۋالغان قولىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ سەزمەي قالغان ئىدى. ئۇ سەمەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى بىلەن قۇشۇمىلىرى تۈرۈلدى. دەرۋەقە، ئۇ سەمەتنى يېقىن دوستۇم دەپ بىلگىنى بىلەن، ئۇ توغرىلىق ئەزەل ۋە ئەزەلدىن مۇنداق خىيال قىلىپ باقمىغان ئەمەس ئىدى...

بىردىنلا كۆڭلى غەش بولغان ھەمراگۇل سەمەتنىڭ نېمىشقا ئۇزۇندىن بىرى ئۆزىگە مۇنداق يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. قەيەرگە بارسا بىردەمدىلا يېنىغا ئۈنۈپ بولۇشلار، بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى بارلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا، نەچچە كۈن ئۆتمەستە بىر باھانىلەر بىلەن شۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا تەق قىلىپ بېرىشلەر، ئېتىز ئىشلىرىغا خۇددى ئۆز ئىشىدەك بىلىپ قارىششلار، بىر كىم بوزەك قىلغۇدەك بولسا ھېچنىمىگە قارىماي ئۇ تەرەپتە تۇرۇپ، جان تىكىپ قوغداشلار دەرۋەقە بىكارغىلا بولىۋاتقان ئىشلار ئەمەس ئىدى. بىراق...

سەمەت ئىگىز بويلۇق، ئورۇقراق كەلگەن، سېرىق چىراي بالا بولۇپ، تەبئىي بۈدرە چاچلىرىمۇ سېرىققا مايىل بولغاچقا مەھەللىدىكىلەر ئۇنى سەمەت سېرىق دەپ چاقىراتتى. ئۇ ئۆزىمۇ خۇشچاقچاق، ئوچۇق مىجەز بولغانلىقتىن مۇنداق ئاتىلىشقا رەددىيە بەرمەستىن ئەكسىنچە چاقچاققا چاقچاق بىلەن گەپ قايتۇرۇپ <<سېرىق>> لەقىمىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. ھەمراگۇل، سەمەت، مېھرىبان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى قاتارلىق يەتتە - سەككىز بالا كىچىكىدىنلا مۇشۇ مەھەللىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئىدى. كىچىكىدىنلا بىر ئۆينىڭ بالىلىرىدەك بىللە ئويناپ، مەكتەپكە بىللە بېرىپ - كېلىپ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى بىللە قىلىشىپ كۆنۈپ كەتكەن بۇ بالىلار تولۇقسىزنىڭ 2 - يىللىقىغا چىققاندا، ھەمراگۇلنىڭ مەرھۇم ئانىسى رىسالەتخان كېسەل سەۋەبىدىن تۇگەپ كېتىپ، ئارىدىن بەش ئايلار ئۆتكەندە دادىسى بارىتاخۇن ھازىرقى ئۆگەي ئانىسىغا ئۆيلىنىشى بىلەن، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن تۇغقانلاردەك چېچىلىپ كېتىشتى. ھەمراگۇلنىڭ ئۆگەي ئانىسى مېھرىگۇلخان ئىسمى چىرايلىق بولغان بىلەن ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان، مىجەزى ئوسال، پەيلى يامان ئايال بولۇپ، مەيلى خۇلۇم - خوشنىلار بولسۇن، مەيلى يەر خوشنىلىرى بولسۇن ۋە مەيلى ھەمراگۇلنىڭ دوستلىرى بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەر قانداق ئادەم بىلەن ئەپ ئۆتمەيتتى. ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىپ، گېپىنى ئاقتۇرمىغىچە بولدى قىلمايتتى ياكى كىشىگە بىر قىلىق گەپتە يول قويمايتتى. شۇڭا مەھەللە - كويدىكىلەر ئۇنىڭدىن سىراڭدىن قورققاندەك قورقۇپ، مەستىن قاچقاندەك قاچاتتى. ئۆز ئۆيىدە ھەمراگۇلنى ئەزگەننى ئاز دەپ، بىرەر دوستى ئىزدەپ كىرىپ قالغۇدەك بولسا دارتىملاپ تىللاپ، ئىككىنچى بۇ ئۆيگە قەدەم باسماس قىلىپ قوياتتى. كىچىك چاغلىرىدىمۇ سەمەت ئۇنىڭغا شۇنداق ئامراق ئىدىكى، خۇددى كىندىكى قوشتەك، ئۇ نەگە بارسا تەڭ ئەگىشىپ بېرىپ، نېمە ئىش قىلسا تەڭ قىلىشىپ بېرەتتى. ياخشىراق بىر نەرسە تاپسا ھەمراگۇلگە بەرمەي يېمەيتتى. كېيىنچە مېھرىگۇلخان بۇ ئۆيگە بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەندىن كېيىن، ھەمراگۇلنىڭ دوستلىرىنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشى ياكى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ - چىقىشى چەكلەندى. ئۇنىڭچە بولغاندا قىز بالا دېگەن ئوقۇشىنى ئوقۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ئۆتسىلا بولاتتى، دوست تۇتۇش، بېرىش - كېلىش

قىلىش، بولۇپمۇ ئوغۇل بالىلار بىلەن يېقىن ئۆتۈش قىزلارغا ياراشمايدىغان ئىش بولۇپ، ھەمراگۇلنىڭ شۇ قا تارلىق بارلىق ئەركىنلىكى بوغۇپ قويۇلدى. كېيىنكى كۈنلەردە، يەنى تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۇقۇرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئىشىمۇ ئۆگەي ئانىسىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن سۇغا چىلىشىپ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆي، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بولدى. بۇنى ياردەملەشتى دېگەندىن كۆرە، <<ئۆز ئالدىغا كۆتۈرە ئالدى>> دېگەن تۈزۈك ئىدى. سەمەت، مېھرىبانلار بىلەن بولغان دوستلۇقىمۇ شۇ چاغدىن باشلاپ چەكلىمىگە ئۇچرىدى. مېھرىبان بىلەن خۇپپىيانە كۆرۈشۈپ تاشلاشماي كەلگىنى بىلەن، سەمەت ۋە باشقا ئوغۇللار بىلەن تاشلىشىپ كەتتى. يەنە كېلىپ، قىز ـ ئوغۇللار چوڭ بولغانسىرى كىچىك ۋاقىتىدىكىگە ئوخشاش دوستلىشىپ، ئىزدىشىپ يۈرۈپ بولالمايتتى. ئەدەپ ـ ئەخلاق، ھايا نوقتىسىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ خىلدىكى دوستلۇق ئانچە ئۇزۇنغا بارمايتتى. شۇڭا ھەمراگۇل سەمەتنى دوست بىلىپ يۈرگىنى بىلەن كىچىك ۋاقىتىدىكىدەك ئۇنچە يېقىن ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى.

ئۇ بىردىنلا سەگەكلىشىپ، سەمەتنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان بارلىق يېقىنچىلىقلىرىنى ياخشى كۆرۈش سەۋەبىدىن دەپ يەكۈن چىقاردى. ئەگەر بۇگۈن مېھرىبان بۇ گەپلەرنى قىلمىغىنىدا، ئۇ قاچانغىچە بىخۇد يۈرەتتىكىن تاڭ؟! ئەڭ يامىنى، بۇ گەپلەرنى ھەمراگۇل ئاڭلا شتىن بۇرۇن بەشەم، ھازازۇل ئۆگەي ئانىسى بىلىپ قالىدىغان بولسا...

*　*　*　*　*

دىمىق ھاۋاسى يۈرەكنى سىقىپ تۇرىدىغان قوناقلىقتا ھەمراگۇل ئۆزى يالغۇز ئوت ئېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىسسىق دەستىدىن تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، پىشانىسىدىن شۇرۇلداپ تەر قۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى تىزرەك تاغارنى توشقۇزۇپ ئۆيىگە قايتىش بولغاچقا، قوللىرىنىڭ تىلىپ كەتكىنىگە قارىماي بېغىشلىرى قېتىپ كەتكەن ئوتلارنى كۆچەپ ـ كۆچەپ يۇلاتتى.

بىر چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا سەمەت پەيدا بولدى:

ـ كەتمەمسەن ۋوي؟

ھەمراگۇل ئېتىز قىرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سەمەتنى كۆرۈپ ئۆزىچە يېقىمسىزلىنىپ قالدى. مېھرىباننىڭ ئالدىنقى كۈنى قىلغان گەپلىرى ئۇنىڭ يادىغا يېتىشى بىلەن يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، غەلىتە بىر ھالەتتە ئالدىغا قارىۋالدى ۋە ئوت ئېلىشنى داۋاملاشتۇرغاچ دېدى:

ـ سەل تۇرۇپ ماڭىمەن، تاغارنى توشقۇزمىسام بولمايدۇ. سەن كېتىۋەر.

ـ بىللە كېتەيلىلا، مەن ئېلىشىپ بىرەي...

ـ ياق، سەن كېتىۋەر بولدى، بىللە تۇرغىنىمىزنى خەق كۆرسە گەپ بولۇپ قالىدۇ. ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت!

سەمەتنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى:

ـ قاچاندىن بىرى بىللە تۇرساق گەپ بولۇپ قالىدىغان قائىدە چىقتى؟ بىز مۇ شۇ يەردە، مۇ شۇ مەھەللىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تۇرساق، شۇنچە ۋاقىتتىن بىرى ئېتىزغا كەلسەك بىللە، كەتسەك بىللە. مەھەللىدە ئۇچرىشىپ قالساقمۇ گەپ بولىدۇ دېمەي پاراڭلىشىپ تۇرىمىزغۇ؟ ئۆگەي ئاناڭدىن قورقۇپ بەك يېقىن ئۆتەلمىگەننى ھېساپقا، ئالمىغاندا ئەنسىرىگۈدەك ئىشىمىز يوق، ئەجبا بۈگۈن تۇيۇقسىز...

سەمەت بوغۇلۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالمىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ بەكلا ئاچچىقى كەلگەندەك قىلاتتى. ھەمراگۈل يامان يەردە چاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گەپنى ئوخشاتتى:

ـ ئۇنداق دېگىنىم ئەمەس، شۇ... ئاچام بىلىپ قالسا تىللاپ كېتىدىكەن، شۇڭا...

سەمەت ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپ قويغاندەك ھېس قىلىپ، ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىپلىدى. ئۇ ھەمراگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ ئولتۇرۇپ ئوت ئېلىشقا باشلىدى:

ـ قارا ھەمراگۈل، ئۇنداق كىچىك بالىدەك گەپ قىلما، مېنىڭ كۆڭلۈمگە كېلىدىكەن. بايا مەندىن ئۆتۈپتۇ، خاپا بولما. لېكىن سەنمۇ ئۇنداق دەپ تۇرىۋالساڭ بولمايدۇ. بىر مەھەللىدە تۇرۇپمۇ بىر ـ بىرىمىزدىن قېچىپ يۈرەمدۇق؟ ئۆگەي ئاناڭدىن قورقىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭمۇ يولى بولىدۇ. ئادەم دېگەنگە ئادەم لازىم، كىم ئۆمرىدە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي، ئارىلاشماي يالغۇز ئۆتۈپ كېتىمەن دېيەلەيدۇ؟

سەمەتنىڭ گەپلىرى ھەمراگۈلگە خۇددى مۇھەببەت تەلىپىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئەنسىرەيتتى، سەمەتنى گەپ تاشلاپ قالامدىكىن دەپ، يۈرىكى سۇ ئىدى. گەپنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولدى ـ يۇ، ئەمما دەماللىققا ئۇنداق قىلالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـ ئەمدى مەن كېتەي، رەھمەت ساڭا.

ـ ھەي ـ سەمەت ئۆزىنىڭغا ياندىشىپلا ئورنىدىن تۇردى ـ بايا كېتەيلى دېسەم ئۇنىمىغان ئادەم ئەمدى گەپ قىلىۋاتسام خىيالىڭدا يوق كېتىمەن دەيسەنغۇ؟ راستىلا مەندىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىۋېتىپسەن ھە؟

ھەمراگۈل غىققىدە بولۇپ قالدى. ئۇ چاندۇرمايمەن دەپ يەنە چاندۇرۇپ قويغان ئىدى. سەمەتنىڭ ئۆزىنى مۇنچە تېز سېزىۋېلىشىنى ئويلاپ باقمىغان ھەمراگۈل ئىنتايىن ئو سال ئەھۋالدا قالدى. شۇ تاپتا ئۇ ھېچنىمە دېيەلمەيتتى ھەم ھېچقانداق ئىش ئۇچۇن چۈشەنچە بېرەلمەيتتى.

ـ بولدى قىلساڭچۇ، نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن. سەندە يا كىسەل بولمىسا، نېمىشقا قاچىدىكەنمەن؟ ـ ھەمراگۈل ئوڭايسىز كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۇچۇن شۇنداق دېدى.

ـ مەندە كىسەل يوقلۇقىنى بىلىدىكەنسەن ھە بولمىسا؟ ـ دېدى سەمەت شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ ـ ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمىسەڭ نېمىگە مەندىن قاچىسەن ئەمسە؟

ـ نەدە سەندىن قاچىمەن؟ ـ دېدى ھەمراگۈل بىر ئاز جانلىنىپ، لېكىن كۆزلىرىنى سەمەتتىن ئېلىپ قاچتى ـ ساڭا شۇنداق بىلىنىپ قاپتۇ.

ـ مەن بىلىپ باقايچۇ ئەمسە...

سەمەت شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ ھەمراگۈلنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى ۋە كۆزلىرى ھەمراگۈلنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقان ھامان بىر تاتلىق كۈلۈپ، ئۇنىڭ كۆزىنى قىسىپ قويدى. ھەمراگۈل ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇرۇپ قىلغان بۇ قىلىقىدىن ئىزا تارتىپ، ۋىللىدە قىزاردى ھەم تېزلىكتە كەينىگە داجىغان ئىدى، قىرغا پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. سەمەت كېلىپلا ئۇنى يۆلىدى ۋە كىيىملىرىنى قېقىشتۇردى. دەل شۇ چاغدا ئون مېترچە يىراقلىقتا، ئېگىز ئۆسكەن قوناقلارنى شىلدىرلىتىپ شەپە چىقارغىنىچە كىمدۇر بىرى يىراقلاپ كەتتى. خۇددى ئېيىق ماڭغاندەك قوناقلارنى لۆم ـ لۆم مىدىرلىتىپ مېڭىشلىرىدىن ئۇنىڭمۇ چوڭ تاغاردا ئوت يۇدۇپ كېتىۋاتقان بىرەرسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. ھەمراگۈلنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇنى ۋەھىمە بېسىشقا باشلىدى، نېمىگىدۇر ئۆكۈنۈپ، كۆڭلى ئاچچىق بولغان ھالدا تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى. سەمەت بولسا ئۇنىڭ ھالى بىلەن كارى يوق تاغارغا ئوت تىقىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ، ئىككى كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەمراگۈل بىلەن سەمەتنىڭ قوناقلىقتا ئىتتىرىشىپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى پىتنە ـ پاساتلار پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى. بىرى << سەمەت ھەمراگۈلنى قوغلاپ قوناقلىقتا تۇتىۋاپتۇ>> دېسە، يەنە بىرى << ھەمراگۈل

سەمەتنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ تۇرغان يېرىدە تۇتۇلۇپ قاپتۇدەك>> دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە جۆيلۈپ، بىرنى ئون، ئوننى مىڭ قىلىپ ئەل ـ مەھەللىگە تارقىتىپ بولۇشتى. ئاڭلىغۇچىلار ئۆزى ئاڭلىغان گەپلەرنى كۆپەيتىۋېلىپ، بۇ ھەقتىكى پەرەزلىرىنىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈپ، غەيۋەت ئوتىنى ئۇلغايتىشتى. سەھرا يېرى دېگەن شۇ، بىر كىشىنىڭ يىڭنىنىڭ قۇلىقىچىلىق ئەيىۋى ئېچىلدىمۇ؟ بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قىلىدىغانغا يېڭى پاراڭ، ئوينايدىغانغا كۆڭۈللۈك ئويۇن چىقىدۇ. نە خەقنىڭ ھال ـ ئەھۋالى، نە بۇ گەپلەرنىڭ راست ـ يالغىنى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. چاشقان ئەۋلادىدىنمۇ يۇقۇرى كۆپىيىش ئىقتىدارى سەھرا كىشىلىرىنىڭ ئېغىزىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، ساددا دېھقان كىشىلەر مانا مۇشۇنداق ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ.

بۇ سۆز ـ چۆچەكلەردىن تىزلا خەۋەر تاپقان مېھرىگۈلخان ھەمراگۈلنى قازناق ئۆيگە سولاپ، قار ـ يامغۇر تىللاپ تۇرۇپ سوراق قىلدى:

ـ ھەي يىتىم ئوغلاق، ئانىسى يوقكەن دەپ بېقىپ، بېشىڭنى سىيلىغانغا كۆرسەتكەن ھىممىتىڭما بۇ؟ گەپ قىلە، ئاۋۇ تاشلىۋەتسىمۇ ئىت ئېپقاچمايدىغان سېرىق ئاسلان بىلەن قوناقلىقتا زادى نېمىش قىلدىڭ؟

ـ ئاچا... بىز ھېچ ئىش قىلمىدۇق، ئۇ بىللە كېتەيلى دەپ يېنىمغا كەپتىكەن شۇ... ئوتىنى يىغىپ تاغارغا قاچىلىشىپ بەردى ھۇ ...

ـ ھەي مەينەت، سەن بولمىساڭ ئۇ يولدا قورقامدىكەن؟ نېمىشقا بىللە كېتەيلى دەپ يېنىڭغا بارىدۇ؟ ئۇنىڭ ئېتىزلىقى يا بىز بىلەن خوشنا بولمىسا، تاختا ئاتلاپ كېلىپ تۇرۇپ بىللە ئەكەتگۇدەك سەن ئۇنىڭ نېمىسى ئىدىڭ؟ ئىككىڭ زادى نېمىش قىلىشتىڭ؟ يۈۋاشلىق بىلەن دە! بولمايدىكەن بۇزۇقچىلىق قىلغىنىڭغا تويغۇزۇپ قويىمەن سېنى...

ـ ئۇنداق سەت گەپ قىلماڭ. بىز ھېچ ئىش قىلمىدۇق، ئۇ ئوتىنى يىغىشىپ بەردى شۇ...

ـ سەن خەقنىڭ نېمىسىتىڭ ئۇنچە؟ ھەجەپ مەنمۇ يالغۇز نەچچە قېتىم ئوت ئالسام كېلىپ يىغىشىپ بەرمىگەنىيا ئۇ؟ يۈۋاشلىق بىلەن ئېيت، ھېلى بىكار داداڭ كەلسە كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن!

مېھرىگۈلخان شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ بېشىغا نوقۇپ، تۇرتكۇشلەپ دېگەندەك بولۇشىغا قورقاق سالدى. ھەمراگۈل يىغلاپ تۆكۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىچىدە سەمەتنى قارغاپ تىللايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا كىرەي دېسە يەر قاتتىق، چىقاي دېسە ئاسمان يىراق بىلىنمەكتە ئىدى. قىز قەلبىنى

مورلاۋاتقان خورلۇق، تۆھمەت تۇيغۇسى ئۇنى ئارامسىز قىلىۋاتاتتى. بىر تەرەپتە ئۇۋۇلچىلىقتا ئۇچرىغان قىزلىق غۇرۇرى، يەنە بىر تەرەپتە رەھىمســــىز ئۆگەي ئانىنىڭ زەھەردەك ئىزا ـ ئاھانەتلىرى ئۇنى بارغانچە ھالســـــىزلاندۇرۇپ، يۈرىكىنى غەزەپ ـ نەپرەت ئوتىدا كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆگەي ئانىسىغا يالۋۇرۇپ، يىغلاپ دېمىگەن گەپلىرى قالمىدى. ئاللاھنى، مەرھۇم ئانىسىنى، يېگەن ئاش ـ تۇزلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ، قەسەم ئىچىپ بەردى. بىراق يۈرىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى سەزمەس بولۇپ قېتىپ كەتكەن ئۆگەي ئانا بۇ گەپلەرگە ئەسلا ئىشىنەر ئەمەس ئىدى.

كەچقۇرۇن ھەمراگۈلنىڭ دادىســــى بارىتاخۇن ئىشــتىن كېلىپ، ئۆي ئىچىنى قاپلىغان قىيا ـ چىيا ئاۋازدىن يۈرىكى ئاغدى. ئالدىراپ دالان ئۆيگە كىرگەن بارىتاخۇن ســــۇپىدا يۈزلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېتىپ، ھۆ تارتىپ يىغلاۋاتقان ھەمراگۈل بىلەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىدا ئىككى قولىنى بىلىگە تىرەپ، پوكىنىنى ئىســـــپ ۋارقىراپ، ئۇنى ســــوراققا تارتىۋاتقان ئايالىنى كۆردى. بارىتاخۇننىڭ ھەيرانلىقتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى قىزىغا مەركەزلەشـــتى. ئۇ قانداقتۇر بىر كۆڭۈلســـــىزلىك يۈز بەرگىنىنى سېزىپ بولغان ئىدى:

ـ نېمە بولدى؟ نېمە قىقاس ـ چوقان بۇ؟

ـ ماڭا قارىســـلا ئادەم، ماۋۇ قىزلىرى بېشــىمىزغا چىقتى. ھە، يالغۇز قىز، ئانىســـىدىن كىچىك قالدى دەپ تاس قالاتتىلە بويىنلىرىغا مىندۈرۈپ يۈرگىلى. شــــۇنچە ئەتىۋارلاپ، كۆزىگە قاراپ، ئەمدى ئوبدان بولدىمۇ؟ يۈزلىرىگە پوق سۈركەپتۇ، پوق! ـ مېھرىگۈلخان سول قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، بويىنىنى شاپتۇل قاقتى. بارىتاخۇن نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمەي رەللە بولىۋاتاتتى:

ـ ھېلىمۇ شـــۇ نېمە ئىش قىپتۇ؟ ئوت قويۇپتۇمۇ؟ ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇمۇ يە؟ ئوچۇقراق دېمەمســـەن باشتا...

ـ ئاشۇ ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ بىر نۆرىدى، ئەل ـ مەھەللا ئالدىدا مۇنچە رەسۋا بولماستۇق ـ مېھرىگۈلخان ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقۇرى چىقىرىپ ۋارقىرىدى ـ ئاۋۇ ســــەمەت دېگەن شــــادا پاچاق سېرىق ئاسلان بىلەن قوناقلىقتا... ۋىيەي، دېيىشتىنمۇ نومۇس قىلىمەن. ئاۋۇ ئەتىۋارلىقلىرى ئۆزى دېسۇن.

مېھرىگۈلخان شــــۇ نىداق دەپلا، ســــۇپىنىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ، بارىتاخۇنغا تەتۈر قاراپ ئولتۇرىۋالدى.

ـ ھەمراگۈل، زادى نېمە ئىش بولدى؟

ھەمراگۈل ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى توختىتالماي، بىراقلا پارتلاپ كەتتى:

ـ جېنىم دادا، مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم ھۆ ھۆ ھۆ... ئالدىنقى كۈنى ئېتىزلىقتا ئوت ئېلىۋاتسام، سەمەت يېنىمغا كەپتىكەن، بىللە كېتەيلى دېدى. ھۆ ھۆ... ئوتلارنى يىغىپ تاغارغا سېلىشىپ بەرگەن ئىدى... قوشنىلار شۇنى كۆرگەن ئوخشايدىكەن ھۆ ھۆ... ئاشۇنى كۆپتۈرۈپ بىزنى ئەسكى ئىش قىلدى دەۋاتىدۇ ھۆ ھۆ ھۆ...

ـ دەۋاتىدۇ؟ ـ مېھرىگۈلخان چايان چاققاندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا ھەمراگۈلنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى ـ كىم دەۋاتىدۇ؟ ھە، كىم دەۋاتىدۇ؟ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە كىم دەيدۇ شۇ گەپنى؟ قىلغان ئىشىدىن ئۇيالماقتا يوق، تۆھمەت دەيدىيا تېخى! نومۇس قىلىشىنى بىلمەمسەن زادى؟ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا نېمە رەسۋاچىلىق بۇ؟ مۇشۇ كۈننى كۆرگىلى تۆرەلگەن بولغىيمىدىم خۇدايىم... ھۆ ھۆ ھۆ... بالام يوقكەن دەپ ئازلاپ ـ ئامانلاپ باققىنىمنىڭ سازايىمۇ بۇ ھۆ ھۆ ھۆ.........

ـ زادى نېمە گەپ بۇ...

ـ نېمە گەپ بولاتتى، قىزلىرى سەمەت دېگەن ئاسلان بىلەن قوناقلىقتا ئىچ ـ پەش تارتىشىپ يۈرۈپتىكەن، خەق نەخ مەيداندا كۆرۈپ قاپتۇ. توۋا قىلدىم خۇدايىم، خەق كۆرمىگەن بولسا قاچانغىچە بىلمەي يۈرەتتۇقكىن تاڭ؟ قىز بالىمۇ باقامدۇ كىشى...

بارىتاخۇننىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. دەقىقە ئىچىدە يۈزلىرى قارىداپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

ئۇ ئايالىنىڭ چېقىشتۇرۇش شىلىرى بىلەن قانچە سوراقتا تارتىپ، قورقۇتۇپ بېقىپمۇ قىزىدىن ئىقرارغا مۇنا سىپ بىر جاۋاپ ئالالمىغاندىن كېيىن، سەمەتنى چاقىرىپ شىقا ئادەم ئەۋەتتى، ئەپ سۇ سكى، ئۇ خو شىنا ناھىيەدىكى چوڭ ئانىسىنى يوقلىغىلى كەتكەن بولۇپ، ئەۋەتىلگەن كىشى ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىدىغانلىق جاۋابى بىلەن قايتىپ كەلدى. بارىتاخۇن قىزىنىڭ <<ھېچ ئىش قىلمىدىم>> دېگەن گەپلىرىگە ئىشەنمەي، ئۇنى راسا سوراقتا تارتتى، ھەتتا ئىككى قات ئارغامچا بىلەن تورۇسقا ئېسىپ ھارغۇچە ئۇردى. ھەمراگۈل ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئۇۋالچىلىق، بۇ خورلۇقتا ئىچىدە قان ـ قان يىغلايتتى. دادا ئايالىغا ئىشەنمەي قانداق قىلسۇن؟! ياش باللار بىلىپ ـ بىلمەي گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىمۇ ياش چاغلىرىدا بۇ ئىشتىن مۇستەسنا بولالىغان ئەمەس. بىر دەملىك ھەۋەسنىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان چىرايلىققىنا قىز بىلەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ قويىدى. ئۆزاق

ئۆتمەي ئۇ قىز توي قىلدى، ئەمما توينىڭ ئەتىسى ئېرى ئۇنى ‹‹قىز ئەمەسكەنسەن›› دەپ، ئىزا - ئاھانەتلەر بىلەن كەلگەن ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويغاندا بۇ نومۇسسىزلىقلار بىراقلا چۇۋۇلۇپ چىقمىدىمۇ؟! بىراق، ھەمراگۈل ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ، ئۇ دېگەن قىز بالا، يەنە كېلىپ، بارىتاخۇننىڭ بىر تاللا قىزى.

ھەمراگۈل خۇداغا نالە قىلىپ تېزراق جېنىنى ئېلىشىنى، مەرھۇم ئانىسىنىڭ يېنىغا، ئۆز دەرگاھىغا تېزرەك ئېلىپ كېتىشىنى تىلەيتتى. دادىسىغا يالۋۇرۇپ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى، دوست - دۈشمەنلەرنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ئالدانماسلىقنى ئۆتۈنەتتى. بىراق، تاش يۈرەك ئۆگەي ئانا دەي - دەيگە سېلىپ، مەھەللە - كويدىكىلەر گەپنى ئاۋۇتۇپ دېگەندەك باشلانغان بۇ جەدەل پات تىنچىيدىغاندەك قىلمايتتى. قىزنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىغا نە ئۆگەي ئانا، نە ئەمەلىيەتتىن بىخەۋەر دادا رەھىم قىلسۇن؟ نە ئىنسى - جىن ياردەم قىلىپ، بۇ قىستاقلاردىن قۇتۇلدۇرسۇن؟

كىشىلىك تۇرمۇش يولى ئەگرى - توقاي بولىدۇ. ئىنسان بۇ يوللاردا گاھ مۈدۈرۈپ، گاھ يىقىلىپ قوپۇپ، گاھ كۈلۈپ، گاھ يىغلاپ ئۆز ھاياتىنىڭ مەناسىنى يارىتىپ، ھەم شۇ ئارقىلىق جىسمىنى، روھىنى، يۈرىكىنى ئۈپرىتىپ ياشايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇلار ھەممىسى ھاياتلىقنىڭ يارىشىغى.

ھەمراگۈل ئويلايتتى: ئەگەر بىردەم يالغۇز قالغۇدەك، قولىغا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىغا چاغلىق بىر نەرسە يولۇققىدەك پۇرسەت بولغىنىدا، بۇ رەھىمسىز دۇنيادىن، بۇ شەپقەتسىز كىشىلەر ئالىمىدىن مەڭگۈلۈككە خوشلىشىش ئۈچۈن بىر ئىش قىلسا، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئازاپ - ئوقۇبەتلەر ۋە ناھەقچىلىقتىن بىراقلا قۇتۇلۇپ، ھامان بارىدىغان يەرگە بالدۇرراق كەتسە. شۇنىڭدا ئۆگەي ئانىسىنىڭ چىقمىغان ئالەمشۇمۇل دەردلىرى چىقىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى پەسەيسە. ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق بىچارە دادىسى قىزىنىڭ پاكلىقىغا ئىشەنسە. ئىشقىلىپ بۇ دۇنيادىن يوق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىپ ئاندىن ئۆلسە... ئاھ... نەقەدەر قورقۇنچلۇق ھە...

سەمەت ئۈچىنچى كۈنى قوشنا ناھىيەدىن قايتىپ كەلدى ھەم بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپ بولغىنىچە بارىتاخۇننىڭ ھويلىسىغا چاپتى.

يەنە بىر مەيدان توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن بۇ غەۋغا ئاخىرىدا سەمەتنىڭ ئوغۇل بالىدارچىلىقىغا ئېلىپ
<< ھەمراگۈلنى مانا مەن ئالىمەن، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا ئارقىسىغا كىرىۋالغىنىم راست.

لېكىن بىز پاك، ئاللا خالىســـا ئۇنى يەنىلا پاك پېتى ئەمرىمگە ئالىمەن>> دېگەن گەپلىرى بىلەن، قايىنىغان قازانغا سـوغۇق سـۇ قۇيغاندەكلا جىمىقتى. ئەل - مەھەللە ئۇنىڭ بۇ نوچىلىقىغا ئاغزىنى كامارىدەك ئېچىپ ھەيران قېلىشتى. بەزىلىرى << نا شايان ئىش قىلغىنى را ستكەن، بولمىسا ئا شۇ جىدەلنىڭ ئۈســتىدىلا مۇشــۇنداق گەپنى قىلىپ ئۇنى ئالىمەن دەمدۇ؟ چوقۇم بارىتاخۇن قىزىمنى ئالســەن دەپ تۇرىۋالغان گەپ... >> دېســە، يەنە بەزىلەر << ئوغۇل بالىكەن! بىشــەم ئانىســى بىلەن قارام ئاكىســىدىن قورقماي شــۇ گەپنى قىلالىغاندىكىن، يامان نېمىكەن. تاپقان دادىســىغا بارىكاللا!>> دېيىشــىپ، ھەممىســى ئۆز ئالدىغا پەتىۋا چىقىرىپ يۈرۈشــتى. ھېچكىم بىلمەيتتىكى، ھەمراگۈل ھەممە ئىنســانلاردىن بىزار بولغان، ســـەمەتتىن، گەپ تېپىشـــقا ئۇســـتا مەھەللە كىشــلىرىدىن، كۆڭلى قارا ئۆگەي ئانىســىدىن، ھەتتا يۈرىكى قىزىنىڭ پاكلىقىنى ســېزەلمىگەن، باغرىغا تاش تېڭىۋالغان دادىســـىدىن... ھەممىدىن نەپرەتلەنىدى. ئۇ ئىچ - باغرىنى مۇجۇپ تۇرغان بۇ ناھەقچىلىقنى ھېچقاندىاق قىلىپمۇ يۇيىۋېتەلمەيتتى ھەم ھېچكىمنى ئۆزىنىڭ پاكلىقىغا ئىشـــەندۈرەلمەيتتى. نەچچە كۈندىن بىرى توختاۋســـىز ئېقىۋاتقان كۆز ياشــلىرى ئۇنى ئىچىدىن تۈگەشـــتۈرۈپ بارماقتا ئىدى. ئەســـەبى تۇيغۇلار ئۇنى غالجىر كىســـەل يۇقتۇرىۋالغاندەكلا قىلىپ قويغان بولۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، قوللىرىنى چىشــــلەپ، ئۆي ئىچىدىكى قولىغا چىققانلىكى نەرســـىنى ئېتىپ، دەســـــەپ - چېقىپ بۇزماقتا ئىدى. ھوجرا ئۆيىگە يالغۇز ســولاپ قويۇلغان ھەمراگۈل مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە ئورۇقلاپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ھەمراگۈل بىلەن ســەمەتنىڭ تويى بولدى. ھەمراگۈلنىڭ يېشــى توي قىلىش يېشىغا توشمىغانلىقتىن، توي خېتى بىجىرىدىغان كىشىگە مىڭ يۈەن سۇڭگۇتۇش بىلەن ھەل قىلىنغان توي خېتىنى ئاســـــاس قىلىپ تۈرۈپ، ئاددىيلا توي ئۆتكۈزۈلدى. ســـــەمەتنىڭ تاتلىق خىياللىرى ۋە پىلانىدىكىدەك ئۆتكۈزۈلمىگەن بۇ توي گەرچە ھەشــــەم - دەرەمســـىز بولغىنى بىلەن، سەمەت ھەرھالدا خوشال ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىز بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشــنى ئويلاپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ســەمەت، باشــقا ئىشــلارنى ئويلاشــنى خالىمايتتى. ئۇلارنىڭ تويىغا تۈزۈكمۇ ئادەم كەلمىدى. نېمىشــقىكىن، تارقىتىلغان شــۇنچە باغاقلار ئۆز ئىگىسىنى بۇ تويغا چىللاپ كېلىشكە قادىر بولالمىغان ئىدى. بۇنىڭدىن بارىتاخۇن، سەمەت ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز ھەم روھى چۈشكۈن ئىدى. مېھرىگۈلخان بولسا ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى شۇنداق بولۇشىنى كۈتكەندەك، بۇ ئەھۋالدىن تولىمۇ خۇشــال ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇندىن نەچچە يىللار بۇرۇنقى ئىشــلار بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى...

مېھرىگۈلخان بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەندە، ئالدىدا تۆت ياشلىق بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇنىمۇ مۇشۇ ئۆيگە بىللە ئەكەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا ھەمراگۈل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بارتاخۇن ئۆگەي بولسىمۇ ئوغلى بولغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن ۋە ھەمراگۈلگە قىلمىغان مېھرىبانلىقىنى ئۆگەي ئوغلىغا يەتكۈزگەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا مېھرىگۈلخان ھەمراگۈلگە ئۆگەيلىك قىلمايتتى، مۇنچە ئۆچلۈك قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، توي بولۇپ يېرىم يىلدىن كېيىن ھەمراگۈلگە قىزىل چىقىپ، ئارقىدىنلا بۇ كېسەل مېھرىگۈلخاننىڭ تۆت يېرىم ياشلىق ئوغلىغا يۇقتى. ئىككى ھەپتە داۋالىغاندىن كېيىن كىزىككە ئۆزگىرىپ، خېلى ئۇزۇن ئورۇن تۇتۇپ ياتتى. ئاخىرى داۋالاشلار كار قىلماي بالا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. مېھرىگۈلخان ھەمراگۈلنى ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدى دەپ قاراپ، مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەي قىزىغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. كېيىنكى چاغلاردا، بارتاخۇن بىلەن مېھرىگۈلخاننىڭ يەنە باللىق بولۇش خىياللىرى ئارمان پېتى قېلىۋەرگەچكە، بۇ ئۆچمەنلىك توسالغۇسىز بىر كۈچكە ئايلىنىپ، ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆگەي قىز ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇنداق زىددىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولۇپ قالدى.

تويدىن كېيىن كوچا - كويلاردىكى غەيۋەت - شىكايەتلەر بېسىققان بولسىمۇ، ھەمراگۈلنىڭ يۈرىكىدىكى زىدە ساقايماي، ئەكسىچە تېخىمۇ يامانلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. قېيىن ئانىسى ئۇنى ياقتۇرماي، ھە دېسە چەتكە قاقاتتى. بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ تېگى بار گەپلەرنى قىلىۋالاتتى. باشقا ئىشلارغا يۆلەپ تۇرۇپ دارتىملاپ تىللاپ، غورورىغا تېگەتتى. <<ئوغلۇمنىڭ بەختىگە ئولتۇردى، بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكۈپ، ئىناۋىتىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى >> دەپ قارىغاچقا، ھەمراگۈل ھەرقانچە كۆيۈنۈپ خىزمىتىنى قىلسىمۇ، ئۆي ئىشلىرىغا يېقىن يولاتماي، بارلىق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن بىر ئۆزى چىقىپ، ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىشلىسىمۇ قېيىنئانىسىغا ياخشى بولالمىدى. ئۆگەي ئانىسىدىن قېلىشقۇسىز بۇ زالىم ئايالنىڭ زەھەردەك ئاچچىق گەپلىرى، يولسىزلا چېقىۋېلىشلىرى، ئۈستى - ئۈستىلەپ بىر ئىشلارغا بۇيرۇشى، ۋاقتىدا پۈتتۈرۈپ بولالمىسا يامان كۆرسىتىپ سەمەتكە چېقىشتۇرۇشلىرى، ھە دېگەندىلا ھەمراگۈلنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇپ، يۈرەك يارىلىرىنى تاتىلايتتى. نەگىلا بارسا قازاننىڭ قۇلىقىنىڭ تۆت بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھەمراگۈل دەردلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىداشقا مەجبۇر بولدى. تاكى كەچ بولۇپ ھوجرا ئۆيىدە سەمەت بىلەن يالغۇز قالغاندىلا ئاندىن بىر ئاز ئارام تېپىپ قالاتتى. بىراق، سەمەتنىڭ بىپەرۋالىقى، گەپ يېمەسلىكى سەۋەبىدىن شۇنچە ئىشلارغا سەۋەپچى بولغىنىنى ئويلىسا يەنە ئىچى قايناپ، غەزەپ - نەپرىتى ئۇلغىياتتى. قېينى ئاتىسى يۇۋاش، كەم

سۆز ئادەم بولۇپ، ھەممە ئىشتا خوتۇننىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولغاچقا، بۇ ئۆيدە كىچىك بالىدەكلا ئورۇندا ئىدى. پەقەت دادىلىق سۆردىن باشقا ھېچكىمگە بىر تىيىنلىق گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيتتى. شۇڭلا شىقا ھەمراگۈل ئۇچراۋاتقان خورلۇققا بىر نېمە دەپ قار شىلىق بىلدۈرگۈسى بولسىمۇ، لېكىن ئايالىنىڭ بىر شەملىكىدىن، بۇ ھەقتە گەپ چىقىسىلا قايناپ سۆزلەپ كېتىدىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەمراگۈلگە ئىچ ئاغرىتىپلا جىممىدە يۈرمەكتە ئىدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، كۈزگى تېرىم ۋاقتى يېقىنلاشتى. دېھقانچىلىقنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاقتىدا ھەمراگۈل سىزىككە چۈشتى. خۇ شاللىقتا سەمەتنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى ۋە ھەمراگۈلنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك بولۇپ كەتتى. لېكىن ھەمراگۈل بۇ تەڭسىز قىسمەتتىن پىغانلىرى تېشىپ، كۈنبويى ھەسرەتلىنىپ، ئادەم يوق يەردە يىغلاپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ سەمەتتىن ھامان بىر كۈنى ئاجرىشىپ كېتىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭدەك ھاياتىغا پاكىسىزلىق تامغىسى بېسىپ، ئۆمۈر بويى يۈيۈلمايدىغان ئىپلاس داغقا مەھكۇم قىلغان ئادەم بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ئۆتۈشكە ئەسلا رايى يوق ئىدى. ئەينى چاغدا <<ياق!>> دەپ دادىسى ۋە ئۆگەي ئانىسىنى قايىل قىلىشقا ئامال بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ زورى بىلەن بولغان بۇ توينى ھامان خېمىغا يانىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغاچقا، ئارتۇق تىركىشىپمۇ كەتمىگەن، ھەم ئەل - جامائەت ئارىسىدىكى بۇ شەرمەندىچىلىكلەرنى پەقەت توي قىلىش يولى بىلەنلا بېسىقتۇرغىلى بولىدىغانلىقنى بىلگەچكە، تەقدىرگە تەن بەرگەن ئىدى. ھەمراگۈل نۇرغۇن ئىشلارنى تولىمۇ ئاددى ئويلىدى. بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپ، ئەل ئاغزى بېسىققاندا ئاندىن سەمەت بىلەن ئارنى ئۈچۈق قىلىپ، يىراقلارغا - ئۇنى ھېچكىم تونىمايدىغان، ھېچكىم كۆڭلىگە ئازار بەرمەيدىغان جايلارغا كېتىپ، ئۆتكۈردە يېتىپ - قوپسىمۇ كۆڭۈل ئاغرىقىدىن، خورلۇق ۋە ئىزىلىشتىن خالى ھالدا، ئۆز تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپ باققۇسى بار ئىدى. مانا ئەمدى قورسىقىدىكى بۇ ھاياتنىڭ ئىشلىرىدىن، ئانىسى تارتىۋاتقان خورلۇق، تەڭسىزلىكلەردىن بىخەۋەر بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش ئۈچۈن كۈندىن - كۈنگە يېتىلىۋاتقان بالىسى ئۇنى سارا سىمىگە سېلىپ قويدى. ئەگەر بالا تۇغۇلۇپلا قالسا ئۇ بۇ ئۆيدىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيتتى، شۇنداقلا خورلىنىش، ئىزىلىشلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھۆددىگىرىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تەتۈر پىشانە، بىتەلەي، تۇغۇلۇشىدىنلا پىشانىسىگە ئېلىپ قوپقان بەختسىزگە چىقىرىپ يۇم - يۇم يىغلىدى. تەقدىرنىڭ بەرمىشلىرىدىن زارلىنىپ نالە قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلاشقا ھېچكىم يوق ئىدى، ھەم ھېچكىممۇ ئۇنى بۇ تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمايتتى.

ئەمما كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قورسىقىدا بارا - بارا يېتىلىپ چوڭىيىۋاتقان كىچىك بىر جان ئۇنىڭغا ئۇ ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان، تېگىگە يېتىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان بىر شېرىن

سېزىم ئاتا قىلالىشقا باشلىدى. ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ۋە يەنە قانداقتۇر بىر سۆيۈنۈشنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ تۇيغۇ ھەمراگۈلنى بەخت بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىۋاتقاندەك تاتلىق بىر خىيال قايىنىمىغا سۆرەپ كىرەتتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھىس قىلغان بۇ بەخت تۇيغۇسىنىڭ ئانىلىق سۆيگۈسى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، بۇ يېڭى ئائىلىسىنى چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلدى، ھەمدە تۇرمۇشىدا بار بولغان بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇشقا بەل باغلىدى.

بىر كۈنى ئېتىزغا ماڭغان قېيىنئانا ھەمراگۈلگە چۈشتە پولو ئېتىپ ئېتىز بېشىغا ئاپىرىشقا بۇيرىدى. ھەمراگۈل ئۆيدىكى ئىشلارنى بىر قۇر بېسىقتۇرغاندىن كېيىن تاماق ئەتتى، ئاندىن تاماقنى كىچىك كورىغا ئۇسۇپ، ئېتىزغا ماڭدى. يېرىم يولغا كەلگەندە ھۆركۈپ كەتكەن بىر ئىشەك ھارۋىسى ئۇنىڭ ئالدىدىن قۇيۇندەك ئۆتۈپ قېلىپ، ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى ۋە قېيىنئانىسى قاتارلىق تۆت ئادەمنىڭ چۈشلۈك تامىقى يەرگە تۆكۈلدى. ئۇ ئىشەك ھارۋىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ كەينىگە داجىغاچقا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېرىققا چۈشۈپ كەتتى، يەنە كېلىپ بىلى ئېرىقنىڭ قىرىغا قاتتىق ئۇرۇلدى. ئۇ ياتقان يېرىدىلا ھوشىدىن كېتىپ، شۇ ياتقانچە بىرەر سائەتچە يېتىپ قالدى. يەر خوشنىلىرى ئۇنى ئېرىق ئىچىدىن بايقىغاندا ئاللىقاچان خۇن تەۋرەپ كەتكەن بولۇپ، دوختۇرغا بېرىپ تەكشۈرتكەندە بويىدىن ئاجراپ كەتكەن بولۇپ چىقتى.

سەمەتنىڭ خۇشاللىقى ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولغان، قېيىنئانا كېلىنىنىڭ يارامسىزلىقىدىن ئاغرىنىپ ئۇنى دۆشكەلىگەن، ئۆگەي ئانا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكتىن خۇدايىم ئۇنىڭغىمۇ ياندۇرۇپ بەردى دەپ چۈشەنگەن... ئىشقىلىپ ھاياتنىڭ بۇ پۈتمىشلىرى ھېچكىمگە توغرا يولى، توغرا چۈشىنىشلىك تەرىپى بىلەن قوبۇل ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سەمەت بىلەن ھەمراگۈلنىڭ ئەسلىدىمۇ ئانچە ياخشى بولمىغان تۇرمۇشىغا تېخىمۇ دەز كەتتى. قېيىنئانىسى ھە دېگەندىلا ئۇنى سەمەتكە يامان كۆرسىتىپ، پۇرسەت تاپسىلا چېقىشۋېلىپ تۇردى. قېيىن ئانا بۇ ئائىلىگە كەلگەن ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىك، پىشكەللىكلەرنى ئۇنىڭ ئايىغى ياراشمىغانلىقى سەۋەبىدىن دەپ بىلىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئۈنگەن شۇمبۇيا ھېساپلاپ يۈردى. ‹‹يالغاننى يۈز قېتىم تەكرارلىسا راستقا ئايلىنىدۇ›› دېگەن گەپ راستمىكىن ـ تاڭ، ئۇ توغرىسىدىكى يامان گەپ، ناچار سۆپەتلەرنى ئاڭلاۋېرىپ، سەمەتمۇ بارا ـ بارا ئىشىنىپ قالماقتا ئىدى. كېيىنچە ئۇمۇ ھەمراگۈلگە قوپال تېگىدىغان، ئورۇنسىز بىر ئىشلارغا ئاچچىقلايدىغان ھەم ئانىسىنىڭ كۆزىچىلا تىللايدىغان بولۇۋالدى. ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان بۇ خورلۇقلار ئۇنى بارغانچە تۈگەشتۈرۈۋېتىپ بارماقتا ئىدى.

ئىنسان بارچە ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈشكە قادىر كەلسىمۇ، تەقدىر بېشىغا يۈكلىگەن ھەر قانداق بىر پۈتمىشنى يوقۇتىۋېتىشكە، باشقا يوللار ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا قادىر ئەمەس، ئاياللارنىڭ كۆز يېشى يۈرەك ـ باغرىنى زارداپ قىلىپ ئاقىدۇكى، دۇنيا تاش يۈرەكلىرىنىڭ قەلبىدىكى مەڭگۈلۈك مۇزنى ئېرىتىشكە قۇربى يەتمەيدۇ...

* * * * *

يېرىم كېچە، ھەمراگۈل ئۆزى يالغۇز ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ ياتاتتى. سەمەت مەھەللە كومىتېتىدىغا نۆۋەتچىلىك قىلغىلى كەتكەن بولۇپ، ئەتە ئەتىگەن قايتىپ كېلەتتى. ئۇ تەگسىز خىياللار بىلەن ياتقاندا تۇيۇقسىز ئىشىك يىنىك چېكىلدى.

ـ كىم؟ ـ دېدى ھەمراگۈل سەل چۆچۈپقىنا. ئۇ سەمەتنى نۆۋەتچىلىكنى باشقا بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ياكى باشقىلار بىلەن نۆۋەت ئالمىشىپ قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى.

ھەمراگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ چاپىنىنى كىيدى، ئاندىن ئىشىككە قاراپ ماڭدى. لېكىن ئىشىك ئۇرغۇچى زۇۋان سۈرمىگەچكە سەل ئەيمىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئىشىك ئىچىدىن ئىلىغلىق ئىدى.

ـ كىم؟

ھەمراگۈل ئىككىنچى قېتىم سورىدى. ئىشىك ئۇرغۇچى جاۋاپ بەرمەستىن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ـ تارتىپ نەچچە سېكونت ھەپىلەشتى. قورقۇنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشكەن ھەمراگۈل ئۆي ئىچىگە ئەلەڭلەپ قاراپ، قولىغا چىققۇدەك بىر نەرسە ئىزدەشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇ ئىشىك ئۇرغۇچىنىڭ سەمەت ئەمەس، باشقا بىرى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغان ئىدى. ئەگەر ئۇ سەمەت بولغىنىدا، ئىشىكنى ئۇرمايلا :

ـ خوتۇن، ئىشىكنى ئاچە، سېغىنىپ كەلدىم ـ دەپ ھەييارلىق قىلاتتى. لېكىن بۇ ئېنىقلا سەمەت ئەمەس ئىدى. تېخى ئۈندىمەي تۇرۇشلىرى...

ـ كىم سەن؟... زۇۋانىڭ يوقمىدى؟...

ھەمراگۈل قورقۇنىدىن غال ـ غال تىترەپ تۇرسىمۇ، بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ، پەس ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم سورىدى.

- مەن، ئىشكىنى ئېچىڭە.

- . . .

ھەمراگۈلنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى. سىرتتىكى كىشى شۇنچە پەس ئاۋازدا سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئاۋاز ئىگىسىنى تونۇغان ئىدى. لېكىن، مۇنچە كەچتە، بۇ يېرىم كېچىدە، يەنە كېلىپ سەمەتنىڭ ئۆيدە يوقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشىك چەككىدەك ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە نېمە ئىشى بار زادى؟

- ھە... بىر ئىش بارمىدى ئاكا؟... مەن... مەن يېتىپ بولغان... - ھەمراگۈلنىڭ ئاۋازى تىترەپ ئارانلا چىقاتتى. ئىشىك ئۇرغۇچى سەمەتنىڭ ئاكىسى بولۇپ، ئۈچ ئوغۇل پەرزەنتلىك بۇ ئائىلىدە، قېينى ئانا-قېينى ئاتىسى، سەمەتنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى ئەر - ئايال ۋە سەمەت بىلەن ھەمراگۈلدىن ئىبارەت ئۈچ ئائىلە بىللە تۇراتتى. چوڭ ئاكىسى ئاللىقاچان ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن، يەنە كېلىپ، تىجارەت ئىشى سەۋەبلىك ۋىلايەت ئاتالاپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى. ئىككىنچى ئاكىسى توي قىلغىلى خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، نىمىشقىكىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمەي مۇشۇ ھويلىدا ئۇلار بىلەن تۇراتتى.

- بىلمەن.

- سەمىتاخۇن ئۆيدە يوق، نۆۋەتچىلىك ئۈنىڭغا كەپتىكەن، كەنتكە كەتكەن.

- بىلمەن دېدىمغۇ، تولا گەپ قىلماي ئىشكىنى ئېچىڭە گەپ بار.

ھەمراگۈل ھەيران قالدى. بۇ يېرىم كېچىدە دېمىسە بولمايدىغان قانداق گەپ بولغىيدى؟ يا كۈندۈزى دېمەي، يا ئەتىگىچە ساقلىماي، مۇشۇ يېرىم كېچىدە << گەپ بار>> دەپ ئىشىك ئۇرغىنى نېمىسى؟

- ئەتە دېسىڭىز بوپتىكەن ئاكا. ھازىر بەك كەچ بوپ كەتتى، مەنمۇ يېتىپ بولغان...

- ئەتە دېسەممۇ شۇ گەپنى دەيمەن، ھازىرلا دېگۈم بار ئىدى.

ھەمراگۈلنى قورقۇنچ چۇلغىۋالدى. چۈنكى ئۇ بۇرۇنمۇ قېينئاكىسىنىڭ ئۆزىگە غەلىتە نەزەردە قاراپ تىكىلىپ قالغانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ ئادەم چۈشەنمىسىپ بولمايدىغان غەلىتە نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ تېنى شۈركەنگەن ئىدى. ھەمراگۈل نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىراشنى ئويلاپ يەنە دەققە ئىچىدە بۇ نىيتىدىن ياندى. ئەمما، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. ئۇ ئىچىدە

سەمەتنى مڭنى تىللىدى. مۇشۇنداق كېچىدە ئۆزىنى يالغۇز قويغىنىغا ئۆكۈنۈپ، پۈتۈن ئاچچىقىنى ئۇنىڭدىن چىقارماقچى بولغاندەك، خىيالەن راسا تىللىدى. قانداقلا بولمىسۇن ماۋۇ ئىشنى ھەل قىلىش كېرەك ئىدى. توساتتىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى-دە، جاۋەن ئۈستىدىكى ئۈستەل سائىتىنى دەرىزە تۈۋىگە ئەكىلىپ سىنچىلاپ قارىدى. كېچە سائەت بىر بولاي دېگەن ئىدى :

ـ ئەمسە بەش مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ ئاكا. سەمىتاخۇن كېچە سائەت بىردە نۆۋەت ئالمىشىپ قايتىپ كېلىمەن دېگەنتى. ئۇ كەلگەندە ئىشكىنى ئاچاي، ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ، قانداق گېپىڭىز بولسا بەخۇدۇك دەڭ!

ـ تولا ياسالمىلىق قىلما، بۈگۈن سەمەتنىڭ نۆۋەتى تۇرسا، خالىغانچە ئالمىشىپ كېلەلەمدىكەن؟ ئاچە ئىشىكنى، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

ھەمراگۈل ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ھەم مۇتلەقلەشتۈردى. دېمەك، قېيىنئاكىسى ئۇنىڭغا نىيىتىنى بۇزىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى تەمكىن بولۇپ بۇ ئۆتكەلدىن ئۆزى ئۆتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدى:

ـ ئۇ يوق يەردە دېمىسىڭىز بولمايدىغان قانداق گەپتى ئۇ؟ يېڭى توي قىلغان ياش ئەر ـ خوتۇن تۇرساق، مۇشۇ كېچىدە مېنى ئۆيدە قويۇپ ئۇ يەردە يالغۇز ئۇخلامدۇ؟ شۇڭا قايتىپ كېلىمەن دېگەن، مەنمۇ ئۇنى ساقلاپ تېخىچە ئۇخلىمىدىم. بىردەمگىچە كېلىدۇ ھەقچان...

ھەمراگۈل شۇلارنى دېگۈچە بۇ غەيرەتنىڭ ئۆزىگە قانداقچە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىراق بۇ ھىيلە ئۈنۈم كۆرسەتتى. ئىشلىك سىرتىدىكى قېيىنئاكىسى:

ـ خەپ، ئەتە تاڭمۇ ئاتار. زۇۋاندازلىقىڭغا تويسەن تېخى... ـ دەپ غۇدۇرىغىنىچە ئىشىكتىن يىراقلاپ كەتتى.

ھەمراگۈل شۇ بىئارام بولغىنىچە تاكى ياڭ ئاتقىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ قېيىنى ئاكىسىنىڭ بۇ يېرىم كېچىدە ئىشلىك چېكىشىدىن ئەجەبلەنمەي تۇرالمايتتى.

تاڭ سەھەر، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىدىن قىزىللىق ياندۇرۇپ كىرىپ كەلگەن سەمەت ھەمراگۈلنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كىسەلمەن كىشىدەك بولۇپ قالغىنى بىلەن كارى يوق، تېخى يىغىلمىغان يوتقانغا كىرىپ، يۆگىنىپ ياتتى. باشتىن ـ ئاياغ پەرەنجە بىلەن چۈمكىنىۋالغان ھەمراگۈل دۇئا قىلىپ جايىنامازدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

ـ مىجەزىڭىز يوقما؟

ـ بەك توڭلاپ كەتتىم، كەنت ئىشــخانىســى بەك ســوغۇقكەن، كۆمۈر يوق دەپ مەشــكە ئوت قالىماپتۇ گۇيلا. دېمىسىمۇ قالغۇدەك ھېچنېمە يوقكەن...

ـ قىزنىق بىر پىيالە چاي ئىچىپ ئاندىن ياتامسىز؟ سەل ئىسسىپ قالاتتىڭىز.

ـ ياق بولدى، مەن بىردەم ئۇخلىۋالاي، سەن ئىشىڭنى قىلىۋەر.

ـ ھە، سىزگە... سىزگە دەيدىغان گېپىم بارئىدى...

سەمەت يوتقانغا تىقىۋالغان بېشىنى چىقىرىپ ھەمراگۈل تەرەپكە بۇرۇلدى:

ـ نېمە ئىشتى؟ مەن ئويغانغاندا دېسەڭ بولمامدۇ؟

ـ ھە... مەيلى ئەمسە، ئۇخلاۋېرىڭ.

ـ ياق ـ دېدى ســەمەت ســەل ئۇســتىگە ســۇرۇلۇپ ـ ئاۋال گېپىڭنى دە، بولمىســا ئۇخلىيالمىغۇدەكمەن.

ـ ئەمســە... ئاۋال دەپ باقاي، بولغىدەك يېرى بولســا ماقۇل دەڭ. قوشــۇلغىڭىز كەلمىســە خاپا بولماي، ياق دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ...

ـ ۋاي ـ ۋۇي... تىلىڭنى چاينىماي بىر دېسەڭچۇ ئاۋال!

ـ ماقۇل ـ دېدى ھەمراگۈل سەل جانلىنىپ، قەددىنى رۇ سلاپ ـ مەن مۇنداق ئويلىغان، توي قىلغىنىمىزغىمۇ يېرىم يىل بولاي دېدى، چوڭلارنىڭ يېنىدىمۇ خېلى تۇردۇق. ئەمدى ئۆي ئايرىپ چىقسىپ، ئۆز ئالدىمىزغا ئۆي تۇتساقمىكىن دەپ...

ـ سەن ساراڭما؟

ھەمراگۈل ســەمەتنىڭ تۇيۇقســىز ســورىغان ســۇئالىغا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشــنى بىلەلمەي، چېكەتكىدەك تىكىلىپلا قالدى. سەمەتنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، كۆزلىرى يوغىنىدى.

ـ يا... ياق، مەن شۇ...

ـ ھەي، نەدە ئۇنداق ئىش بار؟ مەن ئوغۇلنىڭ كىچىكى، قائىدە بويىچە ئوغۇلنىڭ كىچىكى ئۆي ئايرىپ چىقماي، چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىدۇ. كېيىن ئۇلار

ئالەمدىن ئۆتسىمۇ ئۆي ـ زېمىنلار ئوغۇلنىڭ كىچىككىگە قالىدۇ. مەن بۇ قائىدىنى بۇزۇپ، سېنى يېتىلەپ سىرتتىن ئايرىم ئۆي تۇتىمەنمۇ؟ كىم ئۆگەتتى ساڭا بۇ ئەقىلنى؟

ـ بىركىم ئۆگەتمىدى ـ دېدى ھەمراگۈل ئايانچلىق بىر ھالەتتە تولغۇنۇپ ـ مەن دەيمەن، قادىر ئاكاملار چوڭلار بىلەن بىللە بولغاندىكىن، بىزنىڭ ئورنىمىزدا شۇلار خەۋەر ئالسا، كېيىن ئۆي ـ زېمىنلار قالدىغان ئىش بولسىمۇ شۇلارغا قالسا، بىز...

ـ ۋوي... ساڭا بىركىم سىرتتا كاتتا داچا، ئۆي ـ ئىمارەت تەييارلاپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۆي ئايرىيمەن دەپلا ئايرىغىلى بولاتتىمۇ؟ ھە دەپ بەرسەم جۆيلىگىلى تۇردۇڭغۇ ئەمدى. مېنى ئۇخلىغىلى قويۇپ ئىشىڭنى قىلغىنە ماڭ. يەنە بىر دەپ قوياي، ماۋۇ گەپنى مەن ئىككىنچى ئاڭلىمايمەن ھە!

سەمەت گېپىنى تۈگىتىپ، يەنە يوتقانغا چۈمكىنىۋالدى. ھەمراگۈل قاپساپ كېلىۋاتقان ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، لىۋىنى چىڭ چىشلىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا سىغماي تۆكۈلەيلا دەپ قالغان ياشلىرى ئىشكتىن چىققىچە ئاران چىددى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ توغرىلىق گەپ قىلمىدى. بىراق مۇمكىن بولسا شۇنداق قىلغۇسى، ئايرىم ئۆي تۇتۇپ، بۇ ھويلىدىن چىقىپ كېتكۈسى بار ئىدى. لېكىن، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان بولمىغان بۇ ھاياتتا ئۇ نېمىنى ئارزۇلىسا، شۇ ئۇنىڭدىن قېچىپ، پەقەتلا تۇتۇق بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ ھەممىگە كۆنۈشكە مەجبۇر ئىدى. تۇغۇلمىشىدىن پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن بەختسىزلىك ئۇنىڭ كۆلۈپ ـ يايراپ ياشىشىغا مەڭگۈ يول قويمايدىغاندەك، ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قىستاققا ئالماقتا ئىدى. ئۇ دائىم خىيال سۈرەتتى. ئۆتكەن ئىشلارنى، ئارزۇسىدىكى بولۇنمىغان، بولۇنۇشقا نېسىپ بولمىغان ئىشلارنى ئويلاپ ئۇزاق ـ ئۇزاق خىيال قىلاتتى.

ـ ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ مۇڭلىنىپ؟

قادىر ئاشخانىدا ئوچاققا ئوت قالاۋېتىپ خىيالغا كەتكەن ھەمراگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىزەڭلىك بىلەن ھىجايدى. ھەمراگۈل چۆچۈپ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۆگۈندە پورۇقلاپ سۇ قايناۋاتاتتى:

ـ شۇنچە قاينىتىپمۇ چىقمىغۇدەك نېمە ئۆچىڭىز بار ئىدى بۇ چۆگۈندە؟

ـ ھېچ... شۇ... چاي قاينىتاي دەپ...

ھەمراگۈل دۇدۇقلاپ گەپ قىلالماي قالدى. قادىر ئۇنىڭغا سەپسېلىپ تەپسىلىي قاراپ چىقتى. قىياقتەك ئىنچىكە، قۇندۇزدەك قارا قاشلار ئاستىدا چولپاندەك پارلاپ تۇرغان بىر جۈپ قاپقارا ھەم چوڭ كۆزلەر، چىمدىپ قويغاندەك ئېقىپ چۈشكەن بۇرۇن، سەل تاتىراڭغۇ كۆرۈنسىمۇ ئەمما جەزبىدارلىقنى يو قاتمىغان غۇنچىدەك لەۋ... قادىر ھەمراگۈلنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالغىننى ئۆزىمۇ سەزمەيتتى. قېپىنئاكىسىنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىۋاتقان شەھۋەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ ھەمراگۈلنىڭ تېنىگە تىترەك ئولاشتى. قورققىنىدىن چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ قايناۋاتقان چۆگۈننى ئۇنتۇپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ماڭدى. قادىر تېزلىك بىلەن ئىشكنى توسۇۋالدى.

ـ نەگە باراي دېگەن؟ بىردەم پاراڭلىشىمىز، ھازىر ئۇنچە ئالدىراش ئىشمۇ يوقتۇ.

ـ يولۇمنى توسىماڭ ئاكا ـ دېدى ھەمراگۈل تىترەپ تۇرۇپ ـ مەن تېخى قويلارغا ھەلەپ ئەتمىدىم. ھېلى ئانام كەلسە كايىپ كېتىدۇ...

ـ بىردەم پاراڭلىشايلى، سەل تۇرۇپ ئەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئانامغا مەن ئىشقا بۇيرۇغانتىم، شۇڭا كېيىن قالدى دەپ قويىمەن. ماقۇل دەپ چىقىپ كەتمەڭ ھە.

ـ ئاكا، مېنى توسماڭ، ئىشلىرىمنى قىلىۋالاي، كەچ تەرەپتە بەك سوغۇق بولىدىكەن. بالدۇرراق ئىشلارنى تۈگۈتۈپ ئارام ئالمىسام بولمايدۇ...

ـ ئەمسە مەن ئىسسىتىپ قويايمۇ؟

قادىر تېخىمۇ بەك ھجىيىپ، ھەمراگۈلنىڭ ئالدىغا يېقىنراق كەلدى.

ـ سىز... سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن سىزنىڭ كېلىن سىڭلىڭىز جۇمۇ! ھۆرمەت قىلغاننى بىلىڭ!

ئاچچىقتىن ھامراگۈلنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ مۇشتلىرى تۈگۈلدى. ئالدىدىكى بۇ ئادەمنى چايناپ ـ چايناپ پۇركۇۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى، ئەمما ئۇنداق قىلالمايتتى.

ـ نېمە بولدىڭىز ئۇنچە؟ ـ دېدى قادىر چەكچىيىپ قاراپ ـ بىز يا يات ئادەم بولمىساق، مۇنچە نازلىنىپ نېمە كەپتۇ؟ كۆڭلۈمنى چۈشەنسىڭىزچۇ جېنىم...

قادىر ھەمراگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. ھەمراگۈل كۈچەپ بىرلا ئىتتىرىپ، قادىرنى ئىشىك ئالدىدىن نېرى قىلدى ۋە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. ئۇ ھوجرا ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ئەتتى، ئاندىن سۇپىغا ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ـ هايۋان... نومۇسسىز ئىپلاس... هۇ شەرمەندە...

ئۇ ئىچىدە قادىرنى تىللايتتى. خۇدى بارلىق نەپرىتىنى تىللاش ئارقىلىق چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك، دۇنيادىكى بارلىق سەت گەپلەرنى قىلىپ تىللايتتى. ئۇنى چاناپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى.

هەمراگۈلنىڭ كۆڭلىرى دەككە ـ دۈككىدە ئۆتمەكتە ئىدى. هەر تەرەپتىن قاپساپ كېلىۋاتقان قىينچىلىق ۋە تەڭسىزلىك ئۇنى هالىدىن كەتكۈزىۋەتكەن، يۈرىكىنى ئەزگەن ئىدى. ئەمما، ئۇ هېچكىمگىمۇ دەردى ـ ئەهۋالىنى ئېيتالمايتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟! دەردىنى ئېيتقۇدەك كىممۇ بولسۇن؟ توي قىلغاندىن بىرى دۇنيالىقتىكى بىردىن ـ بىر دوستى بىلەن بۇرۇنقىدەك ئىزدىشىپ باقمىدى. ئىزدىشىپ تۇرغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا مۇنداق گەپلەرنى دېگىلى بولاتتىمۇ!؟ << تەقدىر ماڭا يات كەلدى، ئۇ بېشىمغا تالاي ئېغىر قىسمەتلەرنى يۈكلەپ، بېشىمنى ئېگىۋاتىدۇ، دۇنيادىكى بارلىق كىشلەر مېنى قىيناپ، جېنىمدىن جاق تويغۇزىۋاتىدۇ، ئۇ ئاز كېلىپ، قېينئاكام ماڭا يامان نىيەتتە بولدى، مەن ئۇنى يېقىن يولاتمىدىم >> دەمدۇ؟ چۈشەنسىغۇ چۈشەندى، ئەگەر چۈشەنمەي قالسا، ئۆزىگە ئۆزى قارا چاپلىۋالامدۇ؟ كىشى كىشىنىڭ هالىغا يەتمەيدىغان، ئىنسان ئۆز جېنىنىڭ هەلەكچىلىكىدە هەممە تۆشۈككە قاتراپ باقىدىغان بۇ هاياتتا هېچكىم هېچكىمنىڭ كۆز يېشى ئۈچۈن شىپا ئەمەس. پەقەت ئاللاھ ياراتقان ئىسسىق جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن هەممىگە چىدايدىغان گەپ.

<< بالا كەلسە قوش كەپتۇ>> دېگەندەك، قادىر هەمراگۈلگە << كۆڭۈل ئىزهار>> قىلغاندىن تۆت كۈن كېيىنكى بىر كۈنى سەمەت ۋەقەگە يولۇقتى. كىۋەز شاخلىرىنى تراكتۇر ساپان بىلەن ئاغدۇرۇپ، يەرنى تۈزلەپ تەييارلاش ئىشى بىلەن ئېتىزغا قول تراكتۇر هەيدەپ كەتكەن سەمەتنىڭ كىچىككىنە بىخەستەلىك تۈپەيلى تراكتۇرنىڭ ئاستىدا قېلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. بۇ كۈتۈلمىگەن هادىسىدىن يۈرىكى قان بولغان ئانا بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ هالىغا يىغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن هەمراگۈلنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە شۇملۇق ۋە بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئۇ بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەندىن بويان بۇ ئۆيدە بىر كۈنمۇ ئارامچىلىق بولۇپ باقمىغانلىقى، قەدەمدە بىر پىشكەللىك كېلىپ، تۇرمۇشىنى ئۆرە ـ تۆپە قىلىۋەتكەنلىكىنى پىشانىسىگە ئۇستۇرۇپ تۇرۇشنى ئۇنۇتمىدى. هەمراگۈلگە سەمەتنىڭ ۋەقەگە يولۇقۇشى ئاز كەلگەندەك، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ بولۇنىۋاتقان تاپا ـ تەنە، هاقارەت، ئىزا ـ ئاهانەتلەر ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ هەر نامىزىدا ئاللادىن سەمەتنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشىنى، قېينئانىسى ۋە قېينئاكىسىغا ئىنساپ ـ هىدايەت ئاتا

قىلىشـــنى تىلەپ ئۆزۈۋىدىن – ئۆزۈنغا دۇئا قىلىپ يىغلاپ كېتەتتى. لېكىن، تەقدىر ئۇنىڭغا ئاتا قىلىۋاتقان بۇ ئىلتىپاتلار ھېچ تۇگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

دوختۇرخانا بالىنىست ياتىقى، سەمەت ئاپئاق يوتقانغا يۆگىنىپ خىيال سۈرگىنىچە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى يوتىسـدىن سـۇنغان بولۇپ، خېلى بىر مەزگىلگىچە ئارام ئالمىســا، كۆتۈنمىســە بولمايتتى. يەنە ئون كۈندىن كېيىن قايتۇرۇپ كېتىلىپ، قالغان كۈتۈنۈشــنى ئۆيدە قىلماقچى ئىدى. سۇنۇقنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغان بولغاچقا چوقۇم بىر مەزگىل ياخشى ئارام ئېلىپ، سۇنغان يەرنىڭ ئوبدان ساقىيىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك ئىدى. سـەمەت دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە، بۇرۇنلاردا بىر قانداق ئىشـى چىقسـا ئانچە ئېرەڭشـىپ كەتمەيدىغان ئاكسـى قادىر ھەمىشـە ئۇنى يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. نېمىگە ئېھتىياجى بارلىقى سـوراپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، تەسـەللىي بەردى. ئۇ ھەمراگۈلگىمۇ ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ، سـەمەتنى يوقلاپ كەلسـىلا ئۇنىڭغىمۇ قۇۋۋەتلىك تاماق، كەمپۇت، ئالما-نەشپۈت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىدىغان، تېخى ئۇنىڭغا سەزدۈرمەي يانچۇقىغا پۇل سېلىپ قويىدىغان بولۇۋالدى. سـەمەت بۇلارنى قېرىنداشلىق مېھرىدىن، كىچىكىپ بولسـىمۇ يەتكۈزۈلگەن تۇغقانچىلىق ۋەجىدىن دەپلا بىلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ كەينىگە نېمە سـۈيقەسـت يوشۇرۇنغانلىقى ھەمراگۈلگە ئايان ئىدى.

بىر كۈنى سـەمەتنىڭ كۆڭلىنى يويۇش ئۈچۈن سـۇخانىغا ماڭغان ھەمراگۈل ئارقىسـىدىنلا سـوڭدىشــىپ چىققان قادىرغا قاراپ غەزەپ بىلەن ئالايدى. قادىر ئۆزىگە يەۋەتكۈدەك ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ تۇرغان ھەمراگۈلنىڭ كۆزلىرىگە بىزەڭلىك بىلەن تىكىلدى:

- نېمانچە سەت قارايسىز ئادەمگە؟ يولۋاسقا ئوخشىمدىكەنمەن؟

- يولۋاس بولسـىمغۇ سـىزدىن ياخشـىراق بولار ئىدى – دېدى ھەمراگۈل زەردە بىلەن – ھېچبولمىسا، سىزدەك ئىنىسىنىڭ خوتۇنىغا ساقال تاشلاپ يۈرمەس ئىدى...

- بىرەر يولۋاسنى ئىنىسىنىڭ ئايالىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قورقۇپ پەيلىدىن يېنىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

- ئىزامۇ تارتمايدىغان ئادەمكەنسىز! مۇ شۇ گەپلەرنى ماڭا قايسى يۈزىڭىز بىلەن دەۋاتىسىز؟ ئىسـسـت خۇدايىم، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى <<ئاكا>> دەپ ئاتاپ يۈرگىنىمنىڭمۇ يۈز – خاتىرىسـى بولمىسـا، سـىزنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟! ھېچنىمىدىن باشـقا، مەن بىلەن بىر ياسـتۇققا باش

قويۇپ كېلىۋاتقان ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر ياسىتۇققا باش قويىدىغان كىشى سىزنىڭ ئىنىڭىز ئەمەسمۇ؟...

ھەمراگۈل بوغۇلۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالمىدى. قادىرغا يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغۇسى بار ئىدىيۇ، نېمىشقىكىن، يۈرىكى سىقىلىپ بىئارام بولۇپ كەتتى. سۇخانىغا كىرىپ چىقىۋاتقانلار ئۇلارنىڭ ھازىرلا ئۇرۇ شۇپ كېتىدىغاندەك پەيلىگە تەئەججۈپ بىلەن قاراپ ـ قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتىشەتتى. قايسى بىرلىرى ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ تىڭشاپ باققاندەكمۇ قىلاتتى.

ـ نېمە ئۇ نداق ئوتتۇرا مەكتەپنى ماڭ خانىم مدەك بىر گەپلەرنى قىلىمىز ما ڭا دەرس ئۆتۈپ كەتتىڭىز؟ ـ دېدى قادىر قېتىغا ئالماي، ئاندىن ھەمراگۈلگە يېقىنراق سۈرۈلدى ـ بولدى، تولا جاھىللىق قىلماڭ. ئاكا دېمىسىڭىز جېنىم دەرسىز، ئىشقىلىپ ھامان شۇنداق بولىدۇ...

ھەمراگۈل قادىرنى قوپال سىلكىپلا ئىتتىرىۋېتىپ يولنى بوشىتاتتى ۋە قولىدىكى كۆڭلەكنى مىجىقلىغان پېتى دوختۇرخانا گۈللۈكىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خورلۇق تۇيغۇسى، نومۇس ئوتلىرى ئۆرتەۋاتقان ئەلەملىك قەلبىگە داۋا تېپىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئۇ گۈللۈككە كېلىپ خالىيراق بىر ئورۇننى تېپىپ ئولتۇردى. سەمەتنىڭ تەر دەستىدىن قېتىمشا بولۇپ كەتكەن، دوا ـ ئوكۇل بىلەن تەرنىڭ پۇرىقى بىرلىشىپ بىرخىل قاڭسىق پۇراق چىقىرىپ تۇرىدىغان كۆڭلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا چىڭ چىشلىدى ۋە ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى...

سەمەت ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ياخشى كۈتۈشى ھەم ئۆزىنىڭ داۋالاش، پەرۋىش ئىشلىرىغا ياخشى ماسلىشىپ بېرىشى بىلەن، پەرەز قىلغاندىكىدىن تېز ئەسلىگە كەلدى. لېكىن، ساقايغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق سالامەتلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققاندا، ئۇنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. مەسئۇل دوختۇر سەمەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بالىلىق بولالمايدىغانلىقى، داۋالاش ۋە باشقا چارىلەرنىڭمۇ ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقاندا، پۈتۈن ئالەم پىرقىراپ، يۈرىكىنى تۈمەنمىڭ قۇرت ـ قوڭغۇزلار يەۋاتقاندەك ئاغرىپ كەتتى.

ـ تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارغا تەسىرى بولمايدۇ، پەقەتلا بالا يۈزى كۆرەلمەيسىز، باشتا دەپ قويغىنىم ياخشى، ئىدىيىڭىزدە تەييارلىق بولسۇن ـ دېگەن ئىدى دوختۇر ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە ئىچ ئاغرىتىش نەزەرى بىلەن قاراپ. پەقەت شۇ سۆزلا سەمەتنىڭ ئېسىدە ناھايىتى ئېنىق ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ھەرۋاقىت قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ، يۈرىكىنى ئاغرىتىپ تۇراتتى.

كۈنلەر بىر خىل ئۆتمەكتە ئىدى. سەمەت دەردىنى ئۆزى بىلىپ، ھەممە ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، دوختۇر يەتكۈزگەن شۇم خەۋەرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق قارارىغا كەلدى. ھەتتا

ھەمراگۈلدىنمۇ سىر تۇتۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشنى مەڭگۈلۈك مەخپىيەتلىك بىلىپ، قەلبىگە كۆمۈۋېتىش نىيىتىدە دىئاگنوز قەغىزىنى يىرتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى. لېكىن، يۈرىكىدىكى ئورنىنى تولدۇرۇپ بولماس ئازاپلىرى ئۇنى بىردەممۇ تىنچ قويمايتتى. ئۇ ئويلايتتى؛ ھېچبولمىغاندا ھەمراگۈلنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتمىگەن بولسا، شۇنى بولسىمۇ ساق ـ سالامەت تۇغۇپ بەرگەن بولسا...

‹‹گۇمان ئىمانىنى قاچۇرۇپتۇ›› دېگەندەك، ئويلاپ شۇ يەرگە يەتكەندە ئۇنىڭ غەزەپ نىشانى ھەمراگۈل بولۇپ قالدى. سەمەتنىڭ ھازىرقى چۈشەنچىسىدە ھەمراگۈل راستىنلا ئانىسى ئېيتقاندەك نەس باسقان شۇمبۇيا، شور پېشانە قىز ئىدى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە ئايغى ياراشمىدى. ئۇ كىرگەندىن بىرى بۇ ئۆيدە جىدەل ـ ماجرا، پىشكەللىك، سورۇقچىلىق تۈگىگىنى يوق، ئەكسىنچە كۈنسايىن ئاۋۇپ بېرىۋاتاتتى.

ئۆزى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نارازى بولۇشى بىلەن ھېساپلاشماي، ئۇلارنى زار ـ زار قاخشىتىپ تۇرۇپ توي قىلغان خوتۇنىنىڭ بۇ قەدەر يارامسىزلىقى، ئۆي ئىچىگە تۈگىمەس پىشكەللىك باشلاپ كەلگىنىنى ئاز دەپ، قورسىقىدىكى بالىنىمۇ ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالالمىغانلىقىغا غەزەپلەندى. بىراق، ئەمدى بولغاندا ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئەيىپلەشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئۆتكەن ئىشنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمىغىنىدەك، ئۇنى ئەيىپلەپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئىشلار ئەسلىگە كەلمەيتتى.

*   *   *   *   *

ئىشلار شۇ يو سۇندا داۋاملىشىۋەردى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى قېتىم خامان ئېلىنىپ، ئىككى قىش ئۇزۇتۇپ قويۇلدى. ھەمراگۈل ئېغىر ئاياق بولمىغانىسىرى ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى بارغانسىرى ئوساللىشىپ، قېيىنئانىسى نېمە دېسە شۇ بولىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا سەمەتنىڭ بېشى چۈشۈپ كېتەتتى، كۆڭلىدە ھەمراگۈلگە ئۇۋال بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ چىش يىرىپ بىر نېمە دېيەلمەي بۇرۇختۇم بولاتتى، ئىچى پۇشاتتى. ھەمراگۈلمۇ ئۆزىدە ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمەي، كۈنلەرنىڭ بىر ئىزدا ئۆتىۋاتقانلىقىغا كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئەمما ئۇ قۇرساق كۆتۈرمىگەنلىكىنى ‹‹ئەمدى ھاملىدار بولالمايدىغان ئوخشايمەن›› دەپ ئويلاپ ئۆزىگە ئېلىپ يۈردى. سەمەت باشتىلا كۆڭلىگە پۈككەن، ئەر كىشىنىڭ يۈزىگە سەت

بولىددىغان باللىق بولالماسلىقتەك بوٴنداق ئەيىپنى ئۆزى پاش قىلىپ ئوتتۇردىغا ئېلىپ چىقىش ئۈنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. بىر ئۆمۈر يوٴشۇرۇپ، پەرزەنت داغىدا ئۆرتىنىشكە رازى ئىدىكى، ئەل ـ مەھەللە ئالدىدا ‹‹ بالا تاپالمايدىغان ›› دېگەن نامنى ئېلىپ ياشاشقا ھەرگىزمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. سەھرا يېرى دېگەندە بوٴنداق ئىشلارنى يوٴشۇرغىلى بولمايتتى. قانچە يوٴشۇرغان بىلەنمۇ پاختا ئىچىدە نىجاسەت ساقلىغاندەك، ھامان بىر كۈنى ئاشكارا بولۇپ قالاتتى. ھەممىدىن يامىنى، ئەگەر بۇ ئىش ئاشكارىلانسا ئۆزى بىلەن بىللە بىر ئۆمۈر ئەۋلادسىز ياشاشقا ھەمراگۈل ئۇنامدۇ؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ، ھەمراگۈل سەمەتكە ئۆز مەيلى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەجبۇرەن ياتلىق قىلىنغان. مۇشۇ ئىشلار ھەمراگۈلنىڭ ئەمدى بولغاندا سەمەتنى تاشلاپ كېتىشىگە يېتەرلىك سەۋەپ بولالايدۇ، شۇڭا، ئالدىراپ قارامىلىق قىلىشقا بولمايتتى.

سايدۆڭ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يېزىدا ھەر پەيشەنبە كۈنى بازار بولاتتى. يېزا دېھقانلىرى بۇ كۈندە خۇددى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن تەشكىللىگەندەكلا ھەممىسى بازارغا ئاقاتتى. چوڭ ـ كىچىك، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بارلىق يېزا ئەھلى ئايەملىك، توي ـ تۆكۈنلۈك كىيىملىرىنى كىيىپ ياسىنىشىپ، بازار ئوينىغىلى چىقاتتى. بۇ كۈندە مەھەللە ـ كويلار چۆلدەرەپ، ئىنسى ـ جىن يوقتەك تۈيغۇ بېرەتتى. ھەممە ئىشىكلەر قولۇپلاقلىق بولۇپ، ئىشىكى ئېتىلمىگەن ئۆيلەر ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالاتتى. ئوچۇق ئىشىكلەر بولىسىمۇ، بۇ ئۆيدە بىرەر ئىش بىلەن قېپ قالغان بىرەر ـ ئىككى ئادەملا بار بولۇپ، قالغانلار بازارغا كەتكەن بولۇپ چىقاتتى. ئەمما، ھەمراگۈلنىڭ بازارغا بېرىشى چەكلەنگەن، ئۆيدىكى باشقىلار بازاردىن كەلگىچە قوي ـ كالىلارغا يەم، سۇ بېرىپ، ئۆيگە قاراپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىغا ئۇلگۇرتۇپ تاماق پىشۇرۇپ بولۇش ۋەزىپىسى بىلەن ئۆي قاراۋۇللىقىغا قالدۇرۇلاتتى. ئۇ توي قىلغاندىن ھازىرغا قەدەر پەقەت ساناقلىق قېتىملا بازارغا باردى. بارغاندىمۇ قېيىنئانىسى بۇيرۇغان سودىلىقنى پۈتتۈرۈپ، ھېچيەردە توختىماي، ئۇدۇل ئۆي تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ بازارغا بېرىشتىن ئۆيدە قېلىشنى بەكرەك خالايتتى. چۈنكى، ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يالغۇزلۇق، خىيال سۈرگۈدەك، ئۆزىنىڭ بەزى ئۇششاق ئىشلىرىنى قىلىۋالغۇدەك ۋاقتىمۇ بىللە قالاتتى. بىراق ھەر دائىم بىر سايە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەندەك بىئارام بولاتتى. چۈنكى، يوچۇن بىر جۈپ كۆز ھەمىشە ئۇنىڭغا تىكىلىپلا تۇراتتى.

ھەمراگۈل ئۆيدىكىلەرنى يولغا سېلىۋېتىپ، چوڭ چۆگۈندە سۇ قايناتتى، ئاندىن دەرۋازىنى ھەم ھوجرا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىۋېتىپ، ھوجرا ئۆينىڭ ئىچىگە جايلاشقان، ئۇلار مۇنچا قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان كىچىككىنە قازناق ئۆيگە كىرىپ، يەرگە چوڭ داسنى قويدى. قازناق ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېرىم يېپىپ قويۇپ، ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى چۇۋۇدى. سۇ قاينىتىلغان

چۆگۈننى ۋە يەنە بىر چوڭ چۆگۈنده سوغۇق سۇ ئەكىلىپ، داسنىڭ يېنىغا جايلاشتۇردى. ئارقىدىن كىيىملىرىنى ئالدىرىماي سېلىپ، يالاڭ پۇتلىرى بىلەن داس ئىچىگە دەسسەپ تۇرۇشىغا تا شىقارقى ئۆينىڭ ئىشىكى زەرپ بىلەن تېپىلدى، ئاندىن ئىلغۇچ شاراققىدە ئاجراپ ئىشىك ئېچىلدى، ئارقىدىن ئۆيگە كۆزلىرىدىن شەھۋەت ئۇتلىرىنى ياندۇرۇپ قادىر كىرىپ كەلدى. ھەمراگۈل قورققىنىدىن قىرىدە چىرقىراپ، كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي داس ئىچىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، كۆكسىنى قوللىرى بىلەن توسۇۋالدى. پۇت ـ قوللىرىدا جان قالمىغان ھەمراگۈل غال ـ غال تىترەيتتى.

ـ مەن ساڭا نېمە دېگەن تۇمۇچۇقۇم؟ ھامان بولىدۇ دېمىدىمۇ؟ ماقۇل دېسەڭمۇ، ياق دېسەڭمۇ، بەرىبىر خالايدىغىنىمنى قىلىمەن. قېنى، يامان بولساڭ ئەمدى قولۇمدىن بىر قېچىپ قۇتۇلۇپ باق!

قادىر سەت ھىجىيىپ كەلگىنىچە قورقۇنچتىن زۇۋانى تۇتۇلۇپ، داس ئىچىدە دۈگدەرەپ ئولتۇرغان ھەمراگۈلنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، ئاندىن چېچىنى قاماللاپ تۇتۇپ بويىنىنى قايرىپ ئۆزىگە قاراتتى:

ـ ئەمدىغۇ رايىمغا باقارسەن؟

ـ ئۇنداق قىلماڭ ئاكا... ـ دېدى ھەمراگۈل تىترەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى نومۇس ۋە قورقۇنچ ئىلكىدە كۆيەتتى ـ مەن دېگەن ئىنىڭىزنىڭ ئايالى، گۇناھ بولىدۇ، مېنى بولغىماڭ ئۆتۈنۈپ قالاي. مۇشۇ ئىشتىن باشقا نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي. خۇدادىن قورقۇڭ جېنىم ئاكا، ھۇ ھۇ...

ـ جېنىم دېگىنىڭ يامان تاتلىق ئاڭلاندى، ئاخىرىدىكى ئاكا دېگەن گەپنى قىلمىساڭ ئۆلۈپ قالارسەنمۇ؟

قادىر ھېچ يۇمشىمايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھەمراگۈل ئۇنىڭغا جىمىكى چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ يالۋۇرۇپ باقتى. بىراق، يۈرىكى پەسكەشلىك ۋەسۋەسىسى بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ ئادىمي ھايۋان ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىگە، نالە ـ پەريادلىرىغا پەرۋا قىلمىدى:

ـ نېمە يول قويغاننى بىلمەيسەن؟ ئۇ شىكىنى بۇزۇپ كىرىش شىكە جۈرئەت قىلغان ئادەم سەندىن ماقۇللۇق ئېلىپ ئولتۇرامتىم؟ ساڭا گەپ قىلىۋاتقىنىمغا ھېلىمۇ ئىككى يىلدىن ئاشتى، سەندىن باشقىسى بولىدىغان بولسا ئالدىمغا ئۆزى كۆچۈكلىنىپ كېلىپ بولاتتى، بىلىۋاتامسەن؟ ئۆزى

خالدىغاندا بولســـۇن دەپ رايىڭغا قويســـــام ئۆزۈڭچە ماڭا كۈچى يەتمەيدۇ دەپ قالدىڭمۇ؟ خالىمساڭمۇ بەربىر مەقسىتىمگە يېتەلەيمەن. مېنى مەجبۇرلىماي ياخشىلىقچە ئۆزۈڭ ماقۇل دە!

- ياق دېدىم، ياق... ئۇنىڭدىن كۆرە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ...

- ئەمسە ئۆزۈڭنىڭ جاھىللىقىدىن كۆر، سەن بۈگۈن مېنىڭكى ھەمرا...

قادىر ھەمراگۈلنى خۇددى ئەســكى يوتقاننى كۆتۈرگەندەك دەس كۆتۈرۈپ داســتىن ئالدى ۋە تاشقارقى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ سۇپىدىكى گىلەم ئۈستىگە ئاتتى. ھەمراگۈل ئاندىن تۇغما ھالەتتە گىلەم ئۈستىگە گۈسسىدە چۈشتى، ئۇ چاققانلىق بىلەن قولنى سوزۇپ، يىغىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپە ئۈســـتىگە تاشـــلاپ قويۇلغان نەچچە قۇر كىيىم ئىچىدىن بىرســـــىنى تارتىپلا ئالدى - دە، كۆكســـىگە باســقىنىچە تالاغا قاچماقچى بولدى. ئاڭغىچە قادىر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ مەيدىســـــىدىكى كىيىمنى تارتىۋالدى، ئاندىن ئۇنى پۇرلاپ تاشــــلىۋېتىپ، ھەمراگۈلنى قۇچاقلىۋالدى. ئۆي ئىچىنى ھەمراگۈلنىڭ داد - پەريادى، نالە - زارلىق يىغىسى بىر ئالدى.

- ئادەم بارمۇ!؟ قۇتقۇزۇڭلار!... ئۆتۈنۈپ قالاي مېنى قۇتقۇزىۋېلىڭلار!...

- ســاراڭ بولما ھەمرا - دېدى قادىر ھاســراپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلغان بولۇپ، يۈرىكى ئىنسانلىق ھىسسىياتىنى، نۇمۇس تۇيغۇلىرىنى، بىر ناتىۋاننىڭ دەردلىك نالىسىنىڭ ســـەۋەبىنى چۈشـــــنەر ئەمەس ئىدى - بۈگۈن دېگەن بازار كۈنى، ۋارقىراپ، كارنىيىڭ يىرتىلىپ كەتسىمۇ ئاۋازىڭنى ئاڭلايدىغانغا بىر كىم چىقمايدۇ. سەن بىلمەمسەن؟ مەھەللىدىكى ھەممىلەيلەن بازارغا كەتتى، سېنى كىممۇ قۇتقۇزار؟ ھازىر دېگەن دۇنيا ئىككىمىزنىڭ...

- ھۇ ھايۋان... ياق... ئۇنداق قىلما... ئاللاھىم، مۇنداق كۈننى كۆرســـــەتكىچە بۇ جېنىمنى ئالساڭچۇ ...

ھەمراگۈلنىڭ ئاخىرقى نىداسى تام - تورۇسلاردىن ئېشىپ ھاۋاغا سىڭىپ كەتتى...

بازاردىن قايتىپ كەلگەنلەر تەييار تاماق تاماســـــدا قۇرســـاقلىرى ئاچ يانغان ئىدى. بىراق ئۆي ئىچى جىمجىت، قازان بېشـــى بوشـــلا، ئوچاقتا ئوت قالانغاندەك قىلمايتتى. ھەمراگۈلمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ شـۇ يوق بولغانچە، تاكى كەچ سـائەت توققۇزغىچە خەۋىرى بولمىدى. ئۇلار شـۇ ۋاقىتقىچە ســـاقلاپ بېقىپ يەنىلا خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن، ســـەمەت، قادىر، قادىرنىڭ ئايالى ئايىمنىســــا ۋە چوڭ ئوغلى مەمەتجانلارئۇنى ئىزدەپ كىرمىگەن ئويمان، چىقمىغان دۆڭ قالمىدى. ئەمما ھەمراگۈل خۇددى يەر يۇتۇپ كەتكەندەكلا ھېچيەردە يوق ئىدى. دادىسىنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ

بىرىشـــقىنىدا، بىچارە دادا يۈرىكىنى مۇجۇپ يۇم - يۇم يىغلاپ، كوچىمۇ - كوچا يۈرۈپ قىزىنى ئىزدەشـــكە باشـــلىدى. مېھرىگۈلخان گەرچە ھەمراگۈلگە ھەرقانچە ئۆچ بولســـىمۇ، لېكىن بۇگۈن نېمىشقىدۇر يۈرىكى ئاغدى. قىزىنىڭ گۆدەك ۋە مەسۇم چىرايى، ئۆزىگە بىچارىلەرچە قاراپ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇۋشـــلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ، بىردىنلا دىمىغى ئېچىشـــىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يىغا ياماشتى. ھەمراگۈل ياتلىق بولۇپ كەتكەن نەچچە يىلدىن بويان يالغۇزلۇق ئۇنى ئوبدانلا ئىزىپ، ئۆي ئىشلىرى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويغان ئىدى. گەر چە ھەمراگۈل پۈرسەت چىقىرالىسىلا كېلىپ ياردەملىشىپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ياندا داۋاملىق بار بىلەن ئاندا - ساندا بارنىڭ پەرقى باشقا ئىدى. ھەمراگۈلنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەنسىرى بۇ تاش يۈرەك ئۆگەي ئانىنىڭ قەلبىدىكى مۇز ئاستا - ئاستا ئېرىشكە باشلىغان ئىدى. ئۆگەي ئانىنىڭ كۆڭلىدىن قىزىنىڭ نەچچە قېتىم يامانلاپ كەلسە دۇشـــكەلەپ تۇرۇپ ئاپىرىپ قويغانلىرى، «ئاجرىشـــىپ كېتىمەن» دېســـە، «بۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن دەپ خام - خىيال قىلما» دەپ قورقۇتقانلىرى بىر - بىر ئۆتۈشـــكە باشـــلىدى. ئەگەر دەردىكە چىدىمىدىماي ھېچكىم يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن بولســـىچۇ؟ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىققا ۋەدە بېرىپ قەلبىنى ئىللىتقان ئاللىكىملەرنىڭ كەينىدىن يىراقلارغا كەتكەن بولسىچۇ؟ ياكى بۇ دۇنياغا خوش ئېيتىپ بولغان بولسا...

ئۇ قورقتى، ھەمراگۈلنىڭ ئاجرىشـــىش ئۈچۈن، ھازىرقى ئازابلىق تۇرمۇشـــتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن راســـتىنلا شـــۇنداق يوللارغا مېڭىپ قالغان بولۇش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ســـاقىت قىلىشـــقا بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭ كاللىسىدىن نېرى بولمىدى.

بۈگۈن ھەممە بىسەرەمجان ئىدى. بىرلىرى ھەمراگۈلنىڭ ياش جېنىدىن، ھاياتىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىرلىرى يۈرەك پـارىســـىنـىڭ غەم - قـايغۇ، ئـازاب - ئوقۇبەتلەردە يۈرىكى ئېزىلىــپ، چىدىغۇچىلىكى قالمىغاندا بارســـا كەلمەس يولنى تاللاپ قالغان بولۇش ئېھتىماللىقىدىن ۋايىم يەيتتى. بىرلىرى بۇ بىچارە قىزنى ھاياتتا ھېچقانداق خۇشۇللۇق كۆرمەي، ئەلەملەرگە، زۇلۇملارغا چىدىماي ئۆزىنى قۇتقۇزۇش يولىنى تاللىغاندۇ دەپ ئويلىسا، يەنە بىرلىرى قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكى سۇ ئىدى. قادىر سەمەتلەرنىڭ ھوجرىسىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، سۇپىدىكى كىگىز ئۇستىدە ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتقان، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ھەمراگۈلگە دىگەن گەپلىرىنى ئەسلىدى:

- بولغۇلۇق بولدى ھەمرا، ئەمدى بېشـىڭنى تاشـقا ئۇرسـاڭمۇ بىكار. تولا سـاراڭلىق قىلماي گېپىمگە كىر. ياخشى - يامان كۈنلەردە يار - يۆلەك بولۇشۇپ ئۆتىمىز. سەن بۇ ئۆيدە سەمەتكە

خوتۇن بولۇۋېرىسەن، مەنمۇ ئايمىنسانىنىڭ ئېرى بولۇۋېرىمەن. سەن بىركىمگە تىنمىساڭلا، بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەگەر بىركىمگە دەپلا قويىدىغان بولساڭ، سەمەتنى بوغۇزلاپ، مۇشۇ ھوجرا ئۆيۈڭنىڭ تېگىنى كولاپ كۆمۈۋېتىمەن. مېنىڭچە چۇشىنىپ قالدىڭ، مەن قىلمەن دېگىنىمنى زادى قىلىدىغان ئادەم. ئىشقىلىپ ئۆزۈڭگە ھېزى بول! بۇگۈندىن باشلاپ سەمەتنىڭ جېنىمۇ سېنىڭ ئالقىنىڭدا!...

ـ نېمىگە يىغلايسەن؟ ئادەم ئۆلمىدىغۇ بۇ يەردە؟! ئۇنچىلىك قىلىپ كەتكۇدەك ئىشمۇ يوق ئەسلىدە، سەن ئۆزۈڭ شۇنداق مۇرەككەپلەشتۇرىۋالىدىكەنسەن...

ـ يوقال زىدى پەس ھايۋان!... سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق، چىق بۇ ئۆيدىن... ھۇ ھۇ ھۇ... ئىت ئۆلۈمدە ئۆلەرسەن ئىلاھىم!...

ـ ئوھوي... تىللاشقىلا يارالغانمىدىڭ گۈزىلىم؟ نېمانچە تاتلىق ھە خۇيلىرىڭ؟ ـ قادىر شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ، يەنە ھەمراگۈلنىڭ چاچلىرىنى قامالاپ تۇتۇپ، بويىنىنى قايرىپ تۇرۇپ ئۆزىگە قاراتتى ـ يەنە بىر دەپ قوياي، سەمەتنى ئۇزۇنراق ياشىسۇن دېسەڭ ياخشىلىقچە مەن دېگەندەك قىل. ئەگەر سەمەت ئۆلسە قاتىلى سەن بولۇپ، تۇرمىدە يېتىشىڭ مۇمكىن جېنىم. ئۇنچىلىك ئىشلار ئەلۋەتتە قولۇمدىن كېلىدۇ. شۇڭا، ئاغزىڭنى چىڭ تۇت!

قادىر ھەمراگۈلنى تۇرتۇپ ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن، سالماق قەدەم تاشلاپ ھوجرا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ھەمراگۈلنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى...

ھەمراگۈلنىڭ ھېچيەردە ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. ھەممەيلەن ساراسىمگە چۈشكەن بولۇپ، ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىشلار، ئۇھسىنىشلار، كۆز يېشى قىلىشلاردىن ھېچبىر پايدا يوق ئىدى. <<قەدىرسىزنىڭ قەدرى ئايرىلغاندا بىلىنەر>> دېگەندەك، ھەمراگۈل يوقاپ كېتىشى بىلەن ھەممىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭدا بولدى ۋە ئەنسىرىدى. مېھرىگۈلخانمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى چىن قەلبىدىن سېغىنماقتا ۋە ئەنسىرىمەكتە ئىدى. تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ، ئاللاھتىن ئۇنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى تىلىدى، ھەم ئىلگىرى قىلغانلىرىغا پۇشايمان يېدى.

تۇيۇقسىز كاللىسىغا كەلگەن بىر ئەقىلدىن مېھرىگۈلخاننىڭ كۆزلىرى چاقنىدى. ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بارىتاخۇنغا ۋە ئۆزىگە ئەلەڭلەپ قاراپ تۇرغان قۇدىلىرىغا قارىدى. ئۆگەي

بولسىمۇ بەربىر ئانا ئەمەسمۇ!؟ ئانىلار باللارنىڭ ئەڭ ئېغىر كۈنىدە كىمنى ئويلايدىغانلىقىنى، كىمنىڭ يېنىدا بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، كىم بىلەن مۇڭدىششىنى ئىستەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

دېگەندەك، مېهرىگۈلخاننىڭ ئويلىغىنى راست چىقىپ قالدى. يېرىم كېچە بولغاندا سەمەت ۋە قادىرلار ھەمراگۈلنى مەرھۇم ئانىسى رىسالەتخاننىڭ تۇپراق بېشىدا ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ قالغان يېرىدىن تېپىپ، كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى ياش ۋە لاي بىلەن بولغانغان بولۇپ، قاپاقلىرى ئىششىپ، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتكەن ئىدى. قىش ۋاقتى، يەنە كېلىپ يېلىڭلا كىيىنىۋالغان ھەمراگۈلنىڭ پۈتۈن ئەزايى سوغۇق دەستىدىن كۆكىرىپ، ئويۇشۇپ قالغان ئىدى. ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىچىدە يىغا - زارە باشلاندى. بىر تەرەپتە بارىتاخۇن ۋە مېهرىگۈلخانلار نالە قىلىپ يىغلىسا، يەنە بىر تەرەپتە سەمەت گاھ ئۆزىنى ئەيىپلەپ، گاھ ھەمراگۈلنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، توختىماي بىر نېمىلەرنى دەيتتى. ئايىمنىسا بىلەن كىچىك قىز گۈلسۇم ئاللىقاچان يىغلاپ ئېقىپ كەتكەن بولۇپ، باغرى تاش، زالىم قېيىنئانىلا بار گۇناھنى ھەمراگۈلنىڭ ئۆزىگە قويۇپ، توختىماي ۋالاقلايتتى. يىغا - زارە، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئۆرە - تۆپە ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئويغۇنۇپ كەتكەن خۇلۇم - خوشنىلار ھويلىغا يىغىلىشتى. ھەمراگۈلنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ تۇشمۇ - تۇشتىن ئىزدەشكەن، ئەمما ھېچكىم ئۇنى قەبرىستانلىقتا بارىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئويقۇسى غالىپ كەلگەن خوشنىلار ئاللاھ نېسىپ قىلغان ئىشنىڭ يەنە ئاللاھنىڭ نېسىپ قىلىشى بىلەن ھەل بولىدىغانلىقىنى دېيىشىپ، ئۆيلىرىگە تارقاپ ئويقۇغا كەتكەن ئىدى. مانا ھازىر ھەممىسى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن <<توۋا!>> دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. بەزىلىرى كۆز يېشى قىلىشتى. بەزىلىرى سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى، جۈملىدىن ئۆزلىرى تونۇغاندىن كېيىنكى ھاياتىنى كۆڭۈل ئېكرانلىرىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ھەممە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۇنىڭ كىچىك تۇرۇپلا يېتىم قالغىنى، ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمى ئاستىدا يۈرىكى ئېزىلىپ چوڭ بولغىنى ئاز كېلىپ، قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىدىمۇ خورلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى مۇشۇ ھالغا قالغانلىقىنى پەرەز قىلىشاتتى. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ كەينىدە زادى نېمە سەۋەپ بارلىقىنى، نېمىشقا مۇنداق قورقۇنچلۇق ھەم كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىدىغان ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ پەقەت ئاللاھقا ۋە قادىر بىلەن ھەمراگۈلنىڭ ئۆزىگىلا ئايان ئىدى.

يېرىم كېچە بولغىنىدا قارىماي، دوختۇر چاقىرىپ كېلىمەن دەپ موتسىكىلىتلىق چىقىپ كەتكەن سەمەت يېزا مەركىزىگە بېرىپ، ئاللىقاچان شېرىن ئويقۇسىنى باشلىۋەتكەن دوختۇرنى

ياتقان يېرىدىن ئۆيغۇتۇپ، موتىسىكلىتنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ يىدىكلەر ھەمراگۈلنى نەچچە قات يوتقان بىلەن يۆگەپ، ئۆيىنى تونۇردەك ئىسسىتىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. ھەممىنىڭ ئۆزايىدا غەم، ھەممىنىڭ كۆزىدە ياش. پەقەت قېيىنئانىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ خۇددى ھەمراگۈلنىڭ تىزراق ئۆلۈپ كېتىشىنى خالايدىغاندەك، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، ھېلى پېشانە، بويۇنلىرىنى، قول - پۇتلىرىنى تۇتۇپ بېقىۋاتقان، ھېلى يۈرىكى، نەپىسىنى تىڭشاپ، مىدىرلىتىپ، چاقىرىپ بېقىۋاتقان ئايىمنىساغا ۋە بىر ئىزدا تۇرالماي، توختىماي ئۇياق - بۇ ياققا مېڭىپ يۈرگەن قادىرغا زەردە بىلەن پات - پات قاراپ قويۇپ ئولتۇراتتى.

دوختۇر كېلىپ بىرەر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەكلىكىنى، سوغۇقتا ئۇششۇپ قالغانلىق ئېھتىمالى بولغاچقا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. بىردەم چېكىسىنى ۋە ئالىقانلىرىنى ئۇۋلاپ، قوشۇق بىلان قايناقسۇ ئىچكۈزۈپ، بۇرۇن ئاستىنى چىمدىغاندىن كېيىن ھەمراگۈلنىڭ بارماقلىرى بوش مىدىرلاپ نەپەسى تىزلەشتى، ئاندىن ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى. ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى قىيا ئاچقىنىدا دادىسى بارىتاخۇن ئۇنىڭ تارىشىدەك بولۇپ قالغان قوللىرىنى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ھەمراگۈل ئەتراپتىكىلەرگە ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن تەپسىلىي قاراپ چىقتى. كۆزى قادىرغا چۈشۈش بىلەن ۋۇجۇدى غەزەپكە تولدى. خورلۇق، نومۇس دەستىدىن ئېزىلگەن يۈرىكىدىكى جاراھەت قاناپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ تامغا قارىۋالدى. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتالماي، دادىسىنىڭ قولىنى مەيدىسىگە تېڭىپ ئىچ - ئىچىدىن تۆكۈلۈپ يىغلىدى.

ھويلىغا يىغىلغان خوشنىلار تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغان ئىدى. كېچىدىن بىرى ھەمراگۈلنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان سەمەت شۇ تاپتا ئىچ - ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىپ بارماقتا ئىدى.

- ھەمراگۈل، نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟ زادى نېمە ئىش كۆڭلۈڭنى شۇنچە رەنجىتكەن ئىدى؟ قەبرىستانلىقتا يىغلاۋېتىپ ھوشۇڭدىن كېتىپسەن، بىرەر ئىش بولمىسا نېمىشقا شۇ يەرگە بېرىپ يىغلايسەن؟ بېشىڭغا نى - نى ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ ئۇنداق قىلىپ باقمىغان ئىدىڭ، بۇ قېتىم نېمە ئىش ساڭا شۇنچە ئېغىر كەلدى؟

- . . .

ـ گەپ قىلساڭچۇ؟ كۆزۈڭنى ئېچىپ ماڭا بىر قارا، نېمە بولدۇڭ؟ ئۇنداق باغرىمنى ئەزمە ھەمرا، مەن چىدىمايدىكەنمەن. نېمە گەپ بولسا دەۋەرگىن، بىز ئەر ـ خوتۇنغۇ؟ دېيىشكىلى بولمايدىغان گېپىمىز يوق. نېمە ئويلىغان بولساڭ ماڭا دېسەڭ...

ـ ھېچنىمە بولمىدىم، شۇ... رەھمەتلىك ئانامنى سېغىنىپ قاپتىكەنمەن. شۇڭا دۇئا قىلىپ كېلەي دەپ تۇپراق بېشىغا بارغان. يىغلاپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن شۇ. كېيىنكى ئىشلار ئېسىمدە يوق.

ھەمراگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ئاۋازى شۇنچىلىك زەئىپ ئىدىكى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قۇلاققا ئايلاندۇرغان سەمەت ئۇنىڭ گەپلىرىنى ناھايىتى زورۇقۇپ تۇرۇپ، تەستە ئاڭلىدى. ئۇ ئىچىگە يۇتۇپ پاتقۇزالمايۋاتقان ھەسرەتلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن تۆكۈۋالماقچى بولغاندەك، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلايتتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سەمەتكە << ئاجرىشىپ كېتەيلى>> دېگۈسى بار ئىدى. ئەمما، نېمىشقىكىن بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. سەمەت ھەمراگۈلنىڭ تارتىۋاتقانلىرىنى، چۈشۈپ قالغان ھالىنى يېتىملىك ئازابى، ئېزىلىش ئەلىمى دەپ چۈشەندى. بىراق قادىر بولسا ھەمراگۈلگە قىلغانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا نېمىشقا مۇنچە ئېغىر كەلگەنلىكىدىن ھەيران ئىدى.

بارتاخۇن سەھەرگە يېقىن بىردەم كۆزىنى يۇمۇۋېلىش ئۈچۈن، خۇدايىمنىڭ مۆمىنى ئەركەك قۇدىسىنىڭ قايتا ـ قايتا زورلىشى بىلەن ئۇنىڭغا ياندىشىپ ياتتى. لېكىن پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، سەمەت بىلەن ھەمراگۈلنىڭ پارىڭىغا دىققىتىنى بېرىپ ياتاتتى. ھەمراگۈلنى قەۋرىستانلىقتىن قايتۇرۇپ كەلگەندە بوۋاي ـ مومايلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەن، كېيىن شۇ يەرگىلا ئورۇن سېلىپ ياتقۇزغان بولغاچقا، تاڭ ئاتقاندا دوختۇرغا ئاپىرىمىز دېيىشىپ، شۇ يەردىلا ئارامىدا قويغان ئىدى. ھەمراگۈل ئېنىق بىر نەرسە دېمىگەندىن كېيىن، دادىسىمۇ ئۇنى يېتىملىك ئازابىدا مۇشۇنداق ئىچىگە ئېلىپ كېتىپتۇ دەپ چۈشىنىپ، يۈرىكى مۇجۇلدى. سەمەت ئۇنىڭ يېنىدا ھېلى ئۇنى دەپ، ھېلى بۇنى دەپ گەپكە سېلىپ ئولتۇراتتى.

تاڭ ئاتتى. كەنت باشلىقىنىڭ ئوغلىنى ماشىنىسى بىلەن چاقىرتىپ كەلگەن سەمەت ھەمراگۈلنى ئۆزۈم ماڭاي دېگىنىگە ئۇنىماي كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاۋايلاپ ماشىنىغا چىقاردى. ئۆزۈم ماڭىمەن دېگىنى بىلەن ھەمراگۈلدە قەدەم يۆتكىگۇدەك ماغدۇر قالمىغان ئىدى. ماشىنا يېرىم سائەتتەك يول يۈرۈپ يېزا يوللىرىنى، كەڭرى ئاسفالت يوللارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا كېلىپ توختىدى.

سەمەت، مېھرىگۇلخان، ئايىمنىسالارنىڭ ياخشى كۆتۈشى، دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ھەمراگۈل تىزلا ياخشى بولۇپ كەتتى. بىراق ئىچ - ئىچىنى يەپ كېتىۋاتقان خورلۇق ئەلىمى ئۇنى ئارامسىز قىيناپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم سەمەتنىڭ چىرايىغا قارىغاندا، يۈرىكىنى كېمىدۈر بىرى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك، ئۆچەي - باغرىنى مىڭلاپ قۇرت - قوڭغۇز غاجىلاۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى. شۇ ۋەجىدىن كۆز يېشى قۇربانىيتتى ۋە ئاللاھتىن ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى. ئۇ ئىشلارنى بىركىمگە دەپ ئىچىنى بوشۇتۇۋېلىش ياكى پاناھلىق تىلەشمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەمراگۈل كىسەل كارىۋىتىدا ياتقان نەچچە كۈن ئىچىدە قادىر ئۇنى يوقلاپ تولا كەلدى، ھەتتا كۈندە نەچچە قېتىم كېلىپ - كېتىپ ئەھۋالىنى سورىغان، لازىملىق نەرسىلەر بار - يوقلۇقىنى سوراپ، بىر ئىشلارنى جىكىلەپ تۇرغان ۋاقىتلىرى كۆپ بولدى. سەمەت بىلەن ئايىمنىسا بۇنى تۇغقانلىق مېھرى دەپ چۈشەنسە، ھەمراگۈل ئۇنىڭغا چىشى - تىرنىقىغىچە ئۆچلۈك قىلاتتى. ئۇنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كېلىشى ھامانلا ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالاتتى. ئۇ كېتىشىگە يەنە كۆز ياشلىرى تاراملايتتى. كۆز يېشىنىڭ سەۋەبى سورالغاندا يەنىلا << ئانامنى ئەسلەپ قاپتىمەن...>> دەپ جاۋاپ بىرەتتى.

ھەمراگۈلنىڭ ئىچكى دۇنياسى پۈتۈنلەي قالايمىقان بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مېھىر - مۇھەببەت، سەمىمىي - ساداقەت، ئىنساپ - دىيانەت دېگەنلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى ھەم ئۆزىنى دىيانەتلىك ۋە ساداقەتمەن دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئەمدى چۈشىنىپ يەتتىكى، كىشى ھەرقانچە ساداقەتمەن بولسىمۇ، قانچە دىيانەتلىك بولسىمۇ، تۇرمۇشتىكى بەزىبىر ساداقەتسىزلەر ۋە دىيانەتسىزلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىمۇ شۇلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدىكەن. پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ ئېچىلدۇرغان ۋاپا گۈللىرى ئەنە شۇ رەھىمسىز قوللارنىڭ خورلىشى بىلەن مەزگىلسىز توزۇپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىدىكەن. <<جان چىقمىسا ئۆلگىلى بولمايدۇ>> دېگەندەك، بۇ ئىشلاردىن، بۇ نومۇسسىزلىقنىڭ خىيالىدىن قۇتۇلۇشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىكەن. ئادەم ھېچقاچان ۋە ھېچ جايدا ئۆزىگە ئۆزى توسالغۇسىز ھالدا ئىگە بولالمايدىكەن، بولۇپمۇ ئايال كىشى...

ھەمراگۈل دوختۇردىن چىقىدىغانغا ئىككى كۈنى قالغاندا دادىسى بارىتاخۇنمۇ يىقىلدى. ئۇ ھەممىنى ئىچىگە تىنىپ ئاخىرى يۈرەك زەدىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ھەمراگۈلنى ئەنسىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بېرىلمىدى. پەقەتلا << زاۋۇتنىڭ يىللىق ھېساۋات ئىشلىرى باشلىنىپ كەتكەچكە ئالدىراش بولۇپ قېلىپ يوقلاپ كېلەلمىدى، لېكىن سېغىنىپ سالام ئېيتتى>> دەپلا چۈشەندۈرۈشتى. بارىتاخۇن يېزا مەركىزىدە

قۇرۇلغان ياغ زاۋۇتىنىڭ كاســـــرى بولغانلىقتىن، ھەر يىلى يىلنىڭ باش ـ ئاخىرىدا مۇشـۇنداق نەچچە ھەپتە ھەتتا نەچچە ئاي ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەمراگۈلگىمۇ ئايان ئىدى.

ھەمراگۈل قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۆي ئىچى بىر ئاز ئەســـلىگە كەلگەندەك بولدى. يوقلاپ كىرىدىغان خۇلۇم ـ خوشـنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇنىڭدىن ئەھۋال سـوراپ ئۈزۈن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. قېيىنئانىنىڭ بۇ ئەشقا قارىتا نارازىلىقى بولسىمۇ، مۇ شۇ قېتىم يۈز بەرگەن ئىشـلاردىن سـەل چۆچۈگەن بولغاچقا، ئەمدى ھەمراگۈلگە ئارتۇقچە تەلەپ قويمايدىغان، ئېغىر ئىشــلارغا بۇيرۇپ، قاتتىق ـ قۇرۇق تەگمەيدىغان بولغان ئىدى. شـۇڭا ئۇ ئۇلارغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

قادىر بۇ قېتىمقى ئەشتىن سەل چۆچۈدى، ئۇ ئەمدى ئېسىنى يىغىپ، ھەمراگۈلگە ئىككىنچى ئۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىققا نىيەت قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشى ۋە تەلۋە مۇھەببىتى ئۇنى ھەرۋاقىــت قۇترىتىــپ تۇراتتى. ھەمراگۈلنىـڭ ئۆزىگە ئۆچ ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە قـادىرمۇ ئۇنىڭغا ئانچە كۆرۈنمىدى. ئاۋال تولۇق ئەسلىگە كېلىۋالسا، ئاندىن كېيىنكى ئەشلار ئۆز لايىقىدا بىر گەپ بولار دەپ ئويلاپ، ئىشــــلارنى ئېقىشـــغا قويۇپ بەردى ھەمدە ئايالى ۋە ســــەمەتتىن ھەمراگۈلنىڭ ھالىنى سوراپ تۇرۇشنى ئۇنۇتمىدى. بۇ ئارىدا مېھرىبانمۇ دائىملا كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى.

ئىشـلار بارا ـ بارا ياخشـلاندى. ھەمراگۈلنىڭ سـالامەتلىكىمۇ تولۇق ئەسـلىگە كەلگەن ئىدى. سـەمەتمۇ ئۇنى يالغۇز قويۇپ سـىرتتىكى ئىش ـ كۆشـلىرىگە ماڭالايدىغان بولدى. ئۇ دادىسـىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىق خەۋىرىنى بىلگەندىن كېيىن ئىچى تىتىلداپ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئەلۋەتتە، مۇ شۇنداق چاغلاردا بالىلىقنى يەتكۈزۈ شى كېرەك ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ قىلە شقا تېگە شلىكىنى قىلدى ھەم مۇشۇ مۇناسىۋەتتە ئۆگەي ئانىسى بىلەن ياخشىلىشىپمۇ قالدى. قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىمۇ ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك دوزاخ ســــياقىدا كۆرۈنمەيدىغان، جازا مەيدانىدەك بىلىنمەيدىغان بولدى. چۈنكى قېيىنئانىســــنىڭمۇ باغرى يۇمشـــاپ، ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىســــدە زور ئۆزگىرىش بولغان ئىدى. قادىرنىڭ پات ـ پات كۆرۈنۈپ قالىدىغان سـوغۇق تەلەتى كۆڭلىنى بۇزغانىنى ھىسـاپقا ئالمىغاندا، بۇ ئۆيدە ئۇنى بىسەرەمجان قىلىدىغان ھېچقانداق ئىش قالمىغان ئىدى. خۇددى يامغۇردىن كېيىن چىققان ئاپتاپتەك، بۇ خىلدىكى ئازادىلىك ئۇنى خېلىلا يەڭگىللىتىپ قويغان بولســـمۇ، لېكىن، كۆڭلىدىكى نا پاكلىق تۇيغۇســـى، دەپســـە ندە قىلىنىش ئەلىمى يۈرىكىگە مەڭگۈلۈك ئۇر ناپ كەتكەچكە، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا ئېغىر تاش بېســـۋالغاندەك بىئارام ئىدى. گەرچە ئۇ << بۇ ئەشلارغا مەن سەۋەپچى ئەمەس، ئا شۇ ھايۋاندىن تۆرەلگەن ئە سكى نائىنسا پلىق قىلىپ، مېنى

دەپسەندە قىلدى>> دەپ ئويلاپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللىي بەرسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ قورقۇنچىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيۋاتاتتى.

بىر ئاي ۋاقىت مانا مۇشۇنداق ئىسەنكىرەش ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇۋۇچىدىن قورققان كىيىكتەك ھەممە نېمىدىن چۆچۈپ، يۈرگەن ھەمراگۈل ئۈچۈن بۇ ۋاقىتلار تولىمۇ بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

چۈش مەزگىلى، ئۆي ئىچى ئىسسىق ئىدى. ھەمراگۈل ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ يېنىغىلا كۆرپە سېلىپ، تېلېۋىزور كۆرگەچ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. تېلېۋىزوردا كورىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلىۋاتقان ئىدى. بۈگۈن كۈنگە پەيشەنبە، مەھەللىدىكى كىشىلەر پەيشەنبىلىك << ۋەزىپىسى>> نى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەممىسى بازارغا ئېقىشقان ئىدى. ھەمراگۈلنىڭ بازارغا بېرىشى بۇرۇنقىدەك چەكلەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يالغۇز قېلىشنى خالايتتى. ئۇنىڭ ھاياتىغا سىڭىشىپ كەتكەن يالغۇزلۇق ھەردائىم ئۇنىڭغا تەسەللىي ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بېغىشلايتتى.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ئۆيگە قادىر كىرىپ كەلدى. تېلېۋىزور ئېكرانىدا بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل ھە دەپ تاكاللىشىۋاتقان، بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي سوقۇشۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئىشىكنىڭ ئېچىلغان شەپىسىنى بېسىپ كېتىپ، ھەمراگۈل قادىرنىڭ كىرگىنىنى سەزمىدى. قادىر ھەمراگۈلنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك يۈزلىرىگە، غۇنچىدەك لىۋى، تال - تال كىرپىكلىرىگە زوق بىلەن قاراپ كەتتى. ھەمراگۈلنىڭ يىنىك پۇشۇلداپ ئۇخلىغان ھالىتى ئۇنىڭغا شۇ قەدەر چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، شۇ دەقىقىدە قادىرنىڭ ئېپلاس نىيىتى قايتىدىن قۇتراشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى تىڭشاپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. شەيتىنىغا ھاي بەرمەكچى بولاتتىيۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇختىتالمايتتى. ئۆزى خالىغاننى قىلىشنى ئويلايتتى، بىراق ئۆتكەنكىدەك ئىشنىڭ قايتا يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە ئۇزاق تۇردى، ئاخىرى رەزىل خىياللىرى ئادىمىلىكىدىن ئۈستۈن كېلىپ، يەنە كونا سەنەمگە دەسسەشنى ئىختىيار قىلدى. ئۇ قانداق كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق شەپىسىز ھالدا كەينىگە داجىدى. ئىشىكنى قىيا ئوچۇق قويۇپ چىقىپ، دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىدى. ئاندىن يەنە ئاۋايلاپ دەسسەپ، ھەمراگۈل ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىلدى. ئىلغۇچنىڭ تىرىقلىغان ئاۋازى ھەمراگۈلنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ كېرىلگىنىچە ئويغاندى ۋە ئىشىك تۈۋىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان قادىرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

- سىز... سىزگە بۇ ئۆيدە نېمە بار؟... بازارغا كەتكەن ئىدىڭىزغۇ؟...

ـ ھەئە، كېتىپ بولۇپ يەنە كەلدىم، ئېلىۋالغان پۇل سودىغا كەملەپ قالدى، شۇڭا پۇلغا كەلگەن. بۇ ئۆيگە كىرسەم ئۇخلاپ كېتىپسىز، چىقىپ كەتكۈم كەلمەي شۇ...

ـ ھە، پۇلنى ئېلىپ بولغان بولسىڭىز بازارغا مېڭىۋېرىڭ. دادىملار ساقلاپ قالمىسۇن يەنە.

ـ سەل تۇرۇپ ماڭسامۇ بولار، بىردەم مۇڭدىشۇپ...

ـ نېمىنى مۇڭدىشىدۇ؟ يەنە ھايۋانلىقىڭىز تۇتتىمۇ نېمە؟ خام ـ خىيالنى ئاز قىلىپ يولىڭىزغا مېڭىڭ!

ـ بىراق شۇ... سىز ئۆيدە قالغاندىكىن كۆڭلۈم ئۆيدىلا بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭا...

ـ قويۇڭ ئۇنداق گېپىڭىزنى، دەرھال چىقىپ كېتىڭ!

ـ كىرىشنى ئويلىدىم، لېكىن چىقىشنى ھازىرچە ئويلىمىدىم.

ھەمراگۈل قادىرنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادالغان كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ تەنلىرى تىكەنلىشىپ قورۇلدى. ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ ئولاشتى. دەققە ئىچىدە كاللىسىغا ھەرخىل پەرەز ۋە خىياللار كېلىپ ئۆلگۈردى. ئۇ قېچىشنى، قادىردىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى. لېكىن نېمىشقىكىن، پۇتلىرى خۇددى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك ھەرىكەتكە كەلمەيۋاتاتتى. قادىر ھەمراگۈل تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى.

ـ نېمىش قىلسەن... يېقىن كەلمە... سەن...

ـ ھېچنىمە قىلمايمەن، نېمانچە قورقىسىز؟ خۇددى مەن ئادەم يەيدىغاندەك...

ھەمراگۈل قادىرنىڭ قان قويغاندەك بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىغاندا قايتا ئىشنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتى. قادىر سۇپىغا چىقىپ ھەمراگۈلنىڭ ئالدىغىلا كەلدى. ھەمراگۈل ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنى ئوڭشىدى ۋە سۇپىدىن تاقلاپ چۈشۈپ ئىشىككە ئېسىلدى. قادىر ھەمراگۈلنىڭ كەينىدىنلا سوڭدىشىپ سۇپىدىن چۈشتى ۋە ئۇنىڭ ئىشىككە ئېسىلغان قولىنى مەھكەم تۇتىۋالدى:

- سەن بىلىسەن ھەمرا، ماڭا كۆچۈك يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىسەن. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا ئۇنچە كۆچەپ ئاۋارە بولىسەن؟ خوش بوپ قالاي، ئۇنداق جاھىللىق قىلما. نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرەي... جېنىم ھەمرا...

- يوقال مەرەز... مېنى قويۇۋەت... ھۇ ھايۋان... قولۇڭنى تارت ھايۋان...

قادىر ھەمراگۈلنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ھە دەپ ئۆزىگە تارتاتتى، يۈز - بويۇنلىرىغا تەلۋىلەرچە سۆيەتتى. ھەمراگۈل ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇلقۇناتتى، ئۆزىنى قاچۇرۇپ قادىرنى بار كۈچى بىلەن ئىتتىرەتتى. قادىر بولسا ئۇنىڭ ھالى بىلەن كارى يوق، ھە دەپ ئۇنىڭغا سۈركىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھەمراگۈل يىغلاپ يالۋۇرۇپ، يۇلقۇنۇپ، تىللاپ، قارغاپ، قېچىپ... ئىشقىلىپ قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىنى قىلىپ باقتى. لېكىن قادىر ھېچ ئېرىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىنسانلىقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن يۈرىكى شۇ تاپتا شەيتان سۇنغان ۋەسۋەسە شارابىغا چىلىشىپ قالغان ئىدى. قادىر ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە ئۇ ئىشلار ئېلىپ كەلگەن پاجىئەلىك ئىبرەتنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئېسىدە قالغىنى پەقەتلا ھەمراگۈلنىڭ گۈزەل ھۆسنى - جامالى ھەم ئۇنىڭغا بولغان تەلۋە مۇھەببىتى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئۆز - ئۆزىگە << ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن>> دەپ ئەھدە قىلغان، لېكىن بۇ قېتىم كۆڭۈلنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئۇ ئەھدىلەر شامالدا قالغان توزغاقتەك ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى.

- ئۆتۈنۈپ قالاي ئاكا، مېنى قويۇۋېتىڭ. ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن... خوش بوپ قالاي ماڭا چېقىلماڭ...

- بىردەم تىللاپ، بىردەم يالۋۇرۇپ بېشىمنى قوچۇۋەتتىڭ ھەمرا، لېكىن نېمىلا دېگىنىڭ بىلەن پايدىسى يوق. سېنى پۇ شايمان قىلدۇرمايمەن جېنىم، ماقۇل دە... سېنى ياخشى كۆرىمەن... مەن سېنى...

- ياق... قويۇۋەت دېدىم ھايۋان... ئادەم ئەمەس نېمىكەنسەن ھۇ نائەھلى...

قادىر ھەمراگۈلنىڭ نالە - پەريادىغا پىسەنت قىلماستىن، ئۇنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ سۇپىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ قاۋۇل قوللىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ھەمراگۈل جان قايغۇسىدا قالغان قوزىدەك بوزلاپ نالە قىلغىنىچە، قادىرنىڭ قوللىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە تاتىلاپ، بوشاتماقچى بولاتتى. قادىر ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قامالлап تۇتۇپ، بارغانسېرى

بوشاپ كېتىۋاتقان قولىلىرىنىڭ تىلىپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۇنى جىملمەكچى بولۇپ كۆچەۋاتاتتى. ھەمراگۈلنىڭ قادىرغا كۆچى يەتمىدى. ئۇ قىزنى مەش يېنىدىكى كۆرپە ئۈستىگە خۇددى ئەسكى پالازنى تاشلىغاندەك تاشلىدى ۋە قولىلىرىنى قايرىپ ئۆزىگە قاراتتى.

- بۈگۈن مەندىن قۇتۇلالمايسەن ھەمرا، - دېدى ئۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، - جاھىللىق قىلما ساڭمۇ بەرىبىر مېنىڭ ئالقىنىمدىكى ئادەم سەن، ئۇنداق قىلما خۇش بولاي... مېنى قىينىما جېنىم...

- مېنى قويۇۋەت... ئۇنداق قىلما قادىر، ھەممىمىز مۇسۇلمان ئادەملەر، ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم قارا يۈز بولغىنىڭ يېتەر...

- بولدى قىل، بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندا پۇشايمان قىلغانغا ئورنىغا كەلمەيدۇ. سېنى ياخشى كۆرىمەن ھەمرا، تولا يالۋۇرتما مېنى.

- ياق، خالىمايمەن، مېنى قويۇۋەت سەندىن ئۆتۈنەي!....

- ئەمسە مەندىن يامانلىما...

شەيتىنىغا ھاي بېرەلمىگەن قادىر ھەمراگۈلنىڭ ئىشتان بېغىغا قول ئۇزاتتى، جان ئاچچىقىدا تىپىرلاپ قالغان قىز قادىرنىڭ مەيدىسىنى بېسىپ تۇرغان قولنى قاتتىق چىشلىدى. شۇ ھامان قاتتىق ۋارقىراپ ئېسىنى يىغقان قادىر ھەمراگۈلنى كېلىشتۈرۈپ بىر تەستەك ئۇردى. ھەمراگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، ئەمما ئۇ ئاغرىقنى سېزەر ئەمەس ئىدى. قادىر تېخىمۇ ۋەھشىلەشتى.

ھەمراگۈلنىڭ ئىلتىجالىق ناللىرى قەدىرسىز ماماكاپ پۆپۈكلىرىدەك قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. قادىر ئۇنىڭ ئۇنىماي تىرەجىگەنلىرىگە، بار كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىگە، يالۋۇرۇپ يىغلىغانلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئىززىتىگە يەنە بىر قېتىم تىغ ئۇردى. قىزنىڭ قادىر تەرىپىدىن قايرىپ تۇتتۇرۇلغان ئوڭ قولى ئوت كۆيىۋاتقان مەشكە يېقىلىپ ۋاژىلداپ كۆيدى. ھەمراگۈل بىر تەرەپتىن پايخان قىلىنغان نومۇسىغا ئېچىنىپ ھەم قۇتۇلۇش غېمىدە يىغلاپ نالە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قولىنىڭ كۆيۈكىگە چىدىماي تولغىناتتى. قادىر ئۇنىڭ قولىنىڭ مەشكە تەگكىنىنى كۆرمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ تېخىمۇ يۇلقۇنۇپ تارتىشىشلىرىنى ئۆزىگە قىلىۋاتقان قارشىلىقى دەپ بىلىپ، قىلچە رەھىم قىلماستىن قىزنىڭ ھاياتىغا ناپاكلىق تامغىسىنى باستى.

قادىر كۆك يۇد، پاختا پەلكۈچ ۋە داكا كۆتۈرۈپ ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. ھەمراگۈل ئوڭ قولىنىڭ كۆيۈپ شەلۋەرگەن يېرىنى پۈۋلەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. چىدىغۇسىز كۆيۈك ۋە ئېچىشىش ئازابى ئۇنى ھالسىزلاندۇرغان بولۇپ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ئاغرىق دەستىدىن پۈرۈشۈپ، تېنى قورۇلۇپلا قالغان ئىدى. چىك چىشلىۋالغان لىۋى ھېلىلا قاناپ قالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. قادىر كىرىپلا سوۇپىدا پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ھەمراگۈلنىڭ ئالدىغا زوڭزايدى، ئاندىن يۇد قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، پەلكۈچنى يۇدقا چىلاپ ئېلىپ، كۆيگەن ئورۇنغا سۈرتۈشكە تەمشەلدى. پاختا پەلكۈچ كۆيۈك ئورۇنغا تېگىشى بىلەن ھەمراگۈل ئاغرىق دەستىدىن تولغۇنۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. لىۋىنى چىك چىشلەپ تۇرۇپ ساق قولى بىلەن قادىر ئىتتىرگەن پېتى كەينىگە ئۆرۈۋەتتى:

-نېرى تۇر ئېپلاس... ھۇ... ھۇ... سەن نائەھلىنىڭ كاساپىتى بۇ، خىجىل بولماي سىلاشتۇرۇپ يۈرۈيسىنا تېخى. ئىت ئۆلۈمدە ئۆلەرسەن!... ئۆلسەڭ جەسىدىڭنى قاغا - قوزغۇنلار يەر ئىلاھىم!...

قادىر ئاستا ئورنىدى تۇرۇپ، كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇردى، ئۇ ئوڭايسىز بىر ھالەتتە ھەمراگۈلنىڭ ئاچچىق تىللىرىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان ئىدى. ھەمراگۈل قادىرغا غەزەپ بىلەن بىرنى ئالايدى ۋە ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭدى. شۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ غارا سلاپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا سەمەتنىڭ ئاۋازى كەلدى. ئۇ ئېرىشەكنى باشقۇرالماي ئاۋارە ئىدى. قادىر جىددىيلىشىپ تۇرالمايلا قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە نىجاتلىق ئىزدىگەن ئىگىسىز ئىتقا ئوخشىتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇ ھەمراگۈلنىڭ يېنىغىراق كېلىپ كۆزلىرىگە تىكىلدى:

-ئېسىڭدە بولسۇن، قىلچە چاندۇرما. بولمىسا ئاقىۋىتىنى بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. مېنى بىلىسەن ھەمرا، قىلمەن دېدىممۇ، چوقۇم قىلىمەن! سەمەتنى ئۇيلا، ئۆزۈڭنى ئويلا! ئاغزىڭ چىڭ بولسۇن!...

-كۆڭلى پەس رەزگى، يوقال پەسكەش...

ھەمراگۈل بارلىق غەزەپ - نەپرىتىنى مۇشۇ سۆزلەرگە يىغىنچاقلىدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى تەستە توختۇتۇپ تۇراتتى. يارىسىنىڭ ئېچىشىشىغا چىدىماق بەسى مۇشكۇل ئىدى. شۇ ئارىدا ئايىمىنىسا لىققىدە نەرسە قاچىلانغان بىر سولىياۋ خالتىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردىيۇ، ھەمراگۈلنىڭ تۈگىشىپ كەتكەن تۇرقىغا، ياش يۇقى يۈز - كۆزلىرىگە، كۆيۈك

ياردىمىدىن ھۆررەك ئۆرلەپ كەتكەن قولىغا قاراپ داڭ قېتىپ قالدى. ئۇ ئالمان ـ تالمان قولىدىكى نەرسىلەرنى سۇپىغا قويۇپ ھەمراگۈلنىڭ قولىنى تۇتتى:

ـ نېمە بولدىڭىز؟ قانداق بولۇپ مۇنچە كۆيدۈرىۋالدىڭىز؟

ـ ھېچ...

ـ مەشىنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قاپتىكەن، ئېھتىياتسىزلىقتىن مەشكە يېقىۋاپتۇ ـ دېدى قادىر ھەمراگۈلنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ. ھەمراگۈل ئۇنىڭغا ئوبدان بىر قاراپ قويۇپ، ئۈندىمىدى. ئايىمنىسا ئۇنىڭ يارىسىغا باشقىدىن بىر سەپسېلىپ قاراپ چىقتى، ئاندىن:

ـ بولماپتۇ، دوختۇرخانىغا بارايلى. نېمىشقىمۇ دىققەت قىلمىغانسىز، ـ دېدى. شۇ ئەسنادا ئۆيگە سەمەت، ئارقىدىنلا مەمەتجان كىرىپ كەلدى. سەمەت ھەمراگۈلنىڭ يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى كۆرۈش بىلەن يۈرىكى <<قارت>> قىلىپ قالدى ۋە دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىنى كۆرۈش بىلەن ئايىمنىسادىن ئۆتە چۆچۈپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقى سورالغاندا بايىقىدەكلا ھەمراگۈلنىڭ ئورنىدا قادىر جاۋاپ بېرىپ، ئىشنى جۆندىگەن بولدى. ئۇ ئۇستىلىق بىلەن ئويدۇرۇپ چىقارغان سەۋەپ ـ نەتىجە راستقا ئايلىنىپ، ئىشلارنىڭ ھەقىيقىتىنى يۆگەپ كېتەلىدى. لېكىن، ھەمراگۈلنىڭ يۈرىكىدىكى داغ ۋە قادىرنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرىنى ئۇلار ئۆز تارىخىدىن مەڭگۈ يۇيىۋېتەلمەيتتى.

سەمەت ھەمراگۈلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇر ئۇنىڭ قولىنى دورىلاپ، داكىدا تېڭىپ قويدى. نەچچە كۈن ياتاقتا يېتىپ زىرىكىپ كەتكەن ھەمراگۈل جىدەل قىلىپ تۇرىۋېلىپ، ئاخىرى ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ يالغۇزلۇقنى خالايتتى. ئۆزىنىڭ تەنھالىق دۇنياسىغا گۈل تېرىپ، شۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىپ ئۆتۈشنى ئويلايتتى. ئىچىنى خۇن قىلىۋەتكەن دەرد ـ ئەلەملىرى ئۇنى بارغانسىرى ھالسىزلاندۇرۇپ چىدىغۇسىز ئازاپلايتتى. شۇنداقتىمۇ، كىچىككىنە بىر تىل تۇتۇقى، ئەندىشە ۋە سەمەتنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ۋەھىملەر ھەرۋاقىت ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرگەنلىكتىن كۆزىدىن ياش قۇرىمايتتى، دىلىدىن ھەسرەت پىغانى ئۆكسۈمەيتتى. ئۇ چىداشقا مەجبۇر ئىدى، لېۋىنى چىشلەپ، ھەممە ئۇۋۋالچىلىقلارغا چىداپ ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر قادىر بىلەن ھەمراگۈل ئۇچۇن بىر سىر ئىدىكى، بۇ ئىككىسىدىن باشقا بىر ئاللاھ بىلەتتى.

قادىرنىڭ ھەققىيقەتەن قورقۇشقا تېگىشلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلەتتى. ھەمراگۈل ۋە سەمەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەنلىرىدە، قادىر بوغداينىڭ نۆۋەت سۈيىنى تالاشقان بىرسىنى

كەتمەن بىلەن چېپىپ قويۇپ، بەش يىل تۈرمىدە يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ بىچارە ئايىمنىسا ھەمىشە ئۇنىڭ تايىقىنى يەيدۇ. نەدىكى تايىنى يوق ئىشلار ئۈچۈن چالۋاقاشلارغا كۆنۈپ كەتكەن ئايىمنىسا، ئارا كۈندە ئالتە قېتىم قادىرغا قوم خالتىسى بولغىنى بولغان. قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن خۇلۇم - خوشنىلار بۇ ئائىلىدىن ئەيمىنىدۇ. قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن خوشنىلارنىڭ كىچىك باللىرىمۇ بۇ ھويلىغا ئويناپ كىرىپ قېلىشتىن قورقۇشىدۇ. قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئائىلىدىكى بىرەرسىنى ھېچكىم تاك ئېتىپ چىكىشكە پېتىنالمايدۇ. يەنە شۇ قادىر بولغانلىقتىن چوقۇمكى، سەمەت بىلەن ھەمراگۈلنىڭ بېشىغىمۇ ئۇ ئېپلاس ئېيتقان كۈنلەر كېلىدۇ. ئۇ دېدى، چوقۇم قىلىدۇ...

ھەمراگۈل ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ھېچ ئىش قىلماي ئارام ئېلىشقا باشلىدى. ئۆي ئىچىدىكى ھەممىلا ئىشلارنى ئايىمنىسا بىجانىدىللىق بىلەن قىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى يەرگە قاراتمىدى. ھەمراگۈلگە ئۇزۇندىن بېرى يالغۇزلۇقلا ياقىدىغان بولۇپ قالغاچقا ئايىمنىسا بىلەنمۇ، سەمەت بىلەنمۇ ياكى باشقىلار بىلەنمۇ پاراڭلاشمايتتى. پەقەت ھوجرا ئۆيىگە سولىنىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشنىلا خالايتتى. شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن - ئۇزۇنغا ياش تۆكەتتى. بىر كۈنى مېھرىبان ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئىككىسى ھوجرا ئۆيدە ئۇزاق مۇڭداشتى. ھەمراگۈل ئىچىدىكى بارلىق دەرد - ئەلەملىرىنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئانىسىنى سېغىنغانغا دۆڭگەپ، پۇخادىن چىققۇچە يىغلاش بىلەن چىقىرىۋالدى. بۇنى چىقىرىۋالدى دېگەندىن كۆرە، ئۆز - ئۆزىنى قىينىدى، يۈرەك باغرىنى خۇن قىلدى، دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىرى باغرىنى كۆيدۈرگەنسىرى ئېزىلىپ - ئېزىلىپ يىغلىدى. يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆز - ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىدى. مېھرىبان ئۇنىڭ بۇ ھالدىغا قاراپ ھەيران قالدى. ئۇ كۆڭلىدە ھەمراگۈلنى گەرچە ئۆزى ئارزۇلىغاندەك بەختلىك بولالمىسىمۇ، ھەرھالدا بەختسىز ئەمەس دەپ بىلەتتى. بىراق شۇ تاپتا ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ، تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقان قىزنىڭ ھالىغا قاراپ ئۇمۇ چىدىمىدى. مېھرىبانىنىڭ زورلاپ سوراۋېرىشى بىلەن ھەمراگۈل ئاخىرى ئىچىدىكىنى ئۇنىڭغا بىراقلا تۆكتى. بۇقۇلداپ يىغلاپ باغرىنى مۇجۇپ تۇرۇپ، ئۆمرىگە ناپاكلىق تامغىسى بېسىلغان جەرياننى مېھرىبانغا يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە بايان قىلىپ بەردى. نە بايان قىلدىكى، ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنىڭ تۈگىنى بىراقلا يار ئېلىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمى كۆز ياش بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. مېھرىبان ئۇنىڭ گەپلىرىنى گاھ ياقىسىنى تۇتۇپ، قولىنى چىشلەپ، گاھ كۆز يېشى قىلىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئەمما بۇ رەھىمسىز رىئاللىق، كۆلپەتلىك تەقدىرگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. لېكىن، پىشانىگە پۈتۈلگەن، ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولغان ئىشلارغا شۇنداقلا جان - جىگەر دوستىنىڭ ھەسرەتلىك ناللىرىگە ئىشەنمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككى دوست شۇ

تەرىقىدە ئۇزاققىچە يىغلاشتى. دەل شۇ پەيتتە ھېچكىم سەزمىدىكى، سەمەت بىلەن ھەمراگۈلنىڭ ھوجرىسى يېنىدىن يىنىك خىتىلداپ يىغلىغان ئاۋاز بىلەن بوشقىنە ئاياغ تىۋىشى چىقىرىپ بىرەيلەن ئۆتۈپ كەتتى.

ھەمراگۈلنىڭ قولى ئاستا - ئاستا ساقىيىشقا باشلىدى، لېكىن قەلبىدىكى يارا ھېچ ساقىيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا ھېچ ئىشنى چاندۇرماي، ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولىسمۇ، قادىرغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۆزىنى يۇ شۇرۇپ قالالمىدى. ئۇلار پات - پات تاكاللىشىپ قالىدىغان، تاكاللاشقاندا قادىر << مەن چوڭ بولغاندىكىن ...>> دەپ ئۇنىڭغا يول قويۇپ، غېپىدە چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. قادىر بۇرۇنقىدىن بەك ئېغىر بېسىق بولۇپ قالغان بولۇپ، ھەمراگۈلنىڭ ھازىرقى روھى كەيپىياتى ئۇنىڭغىمۇ كۆرۈنەرلىك تەسىر قىلغان ئىدى.

ئايىمنىسا قادىرغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن قۇسۇر تاپىدىغان ھەم ئۆزىنىڭ يىتىم قىز ئىكەنلىكىدىن زارلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇ بۇرۇنقىدەك شوخ، چىچەن، پۇت - قولى چاققان، ھەممە ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان، قادىرغا چىن كۆڭلىدىن كۆيۈنىدىغان ئايىمنىسا ئەمەس ئىدى. نەگە بېرىپ، قەيەردىن كەلدى، نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلدۇ، بۇرۇنقىدەك سوراپ، ئىشلىرىنى بىلىپ ماڭمايتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن قادىرنىڭ ئۆيدە بولۇش - بولماسلىقى ھېچقانچە ئىش بولۇپ قالغان، پەقەت ئەر - خوتۇنلۇق رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا ئۇنىڭغا چىراي ئېچىپ، گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھەمراگۈلگە پات - پات يەر تېگىدىن قاراپ، ئېغىر خۇرسىنىپ قوياتتى. ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئېغىزىنى ئۆمەللەپ بىر نېمە دېمەكچى بولاتتى، ئەمما، ئىككىلىنىپ يەنە گەپ قىلالماي جىم بولۇپ كېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تىڭشاپ، قانداقتۇر بىرەر گەپكە پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ھەمراگۈلمۇ بايقاپ قالدى. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

ھەمراگۈلنىڭ قولى ساقايدى. لېكىن كۆيگەن ئورۇندا خۇددى پۈرلىشىپ قالغان لاتىدەك سەتلا تارتۇق ئىزى قالغان ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ، ئاشۇ قاباھەتلىك ئۆتمۈشىنى ھەرۋاقىت يادىغا سېلىپ تۇراتتى. قانداقلا قىلسىمۇ كۆڭلىدىكى بۇرۇختۇملۇقنى يېڭەلمەي، خورلۇققا ئۇچراش جەريانىنى خىيالىدىن نېرى قىلالماي ئازابلىناتتى.

قادىر ھەر ۋاقىت ھەمراگۈلنى پايلاپلا يۈرەتتى. بىراق ھەمراگۈل ئامالىنىڭ بارىچە يالغۇز قالماسلىق، بولۇپمۇ بازار كۈنلىرى يالغۇز قالماسلىق ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە تىرىشاتتى. ئەمدى ھەمراگۈل بۇرۇنقىدەك ھەممەيلەن بازارغا كەتسە ئۆيدە يالغۇز قېلىپ پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان، تىلشۇېزور كۆرۈپ ئولتۇرىدىغان ئىشلارنى تاشلىغان، بىر بولسا

دادىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆگەي ئانىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بازارچىلار قايتىپ كېلىشكە يېقىن ئۆيىگە كېتىدىغان، يەنە بىر بولسا مېھرىبانىنى چاقىرىپ كېلىپ مۇڭدىشىدىغان بولدى. بىر نەچچە قېتىم ھەمراگۈلنى پايلاپ كىرگەن قادىر بۇ «سوغۇق مېھمان» نى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا چىقىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئىككىلىسى خۇش بولدى. ئەڭ مۇھىمى، ھەمراگۈل ئۆزىنى بىخەتەر ھىس قىلدى. پەقەت قادىردىن يىراق تۇرسىلا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمەيتتى. كۆڭۈلسىزلىك بولمىسا تۇرمۇشى بارا ـ بارا ياخشىلىنىپ، ھازىرقىدىنمۇ بەختلىك ئۆتەلىشىدە گەپ يوق. ھازىر ئۇ پەقەت شۇنىلا ئۈمىد قىلاتتى.

شۇ ئارىدا مېھرىبان توي قىلدى. ئۇنى قوشنا يېزىغا ئۇزۇتىدىغان بولۇپ، توي كۈنى قاق ئەتىگەندىلا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىمەن دەپ مېھرىبانىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ھەمراگۈل، قىز كۆچۈرگۈچىلەر يانغاي تۇرۇپلا چىرايى سارغىيىپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ماغدۇرسىزلانغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. توي پۇلوسىنىڭ مايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى دېيىشىپ، غۇدۇرشىپ ئولتۇرغان قېيىنئانىسى بىلەن ئايىمىنسا ئۇنىڭ يېرىم كۈندىلا كىسەلمەن كىشىدەك بولۇپ قالغانلىقىغا قاراپ سەل ئەجەبلەندى ۋە ئۇنى يېتىپ ئارام ئېلىشقا بۇيرۇپ، كەچلىك تاماققا تۇتۇندى. ھەمراگۈلنىڭ بېشى قېيىپ كۆڭلى ئاينىيتتى.

ـ ئاشۇ پولونى يېمىسەم بوپتىكەن، ـ دەيتتى ئۇ ئىچىدە. ئۇ خېلى بىر چاغلارغىچە تېگى يوق خىياللار بىلەن يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. سەمەت قايتىپ كەلگەندە ئۇ تېخى ئويغانمىغان ئىدى. سەمەت ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ، ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغان بىر چىنە سۇيۇقئاشنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ھەمراگۈل يەنىلا شۇنداق بىئاراملىق ئىچىدە ئاشنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، قالغىنىنى ئۈستەلدە قويۇپلا يەنە ياستۇققا بېشىنى قويدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ قالغان چىرايىغا قاراپ سەمەتنىڭ ئىچى سىيرىلدى. شۇڭا ئۇنى رايىغا قويۇپ، يېشىنىپ يېتىپ قالدى.

يېرىم كېچە، مۇدھىش قاراڭغۇلۇق جاھانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەھەل ئىدى. ھاجەتكە چىققان قادىر ئىختىيارسىز ھالدا سەمەتلەرنىڭ ھوجرىسى ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاللىقانداق بىر ۋەسۋەسىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ھەمراگۈلنى خىيال قىلىپ قالغان ئىدى. چۈشىنىپ بولماس بىر خىل رەشك ئوتى ئۇنىڭ كۆڭلىگە غۇلغۇلا سېلىپ، مۇشۇ ھوجرا تەرەپكە ئۈندەيتتى. ئۇ ئىشىك تەرەپكە يېقىنلاپ بېرىشنى ئويلىدى، بىراق پۇتلىرى كالۋالىشىپ ئۆزىگە بويسۇنمىدى. شۇ تەرىقىدە نەچچە مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن ئاستا كەينىگە ياندى. دەل شۇ چاغدا ھوجرىدىن سەمەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـ سەن مېنىڭ خوتۇنۇممۇ، ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا...

ـ ۋاي بولدى قىلىسىڭىزچۇ! شۇنىڭغىمۇ چالۋاقاپ كەتكەن بارمۇ؟ تازىمۇ بىر. . . ، ـ بۇ ھەمراگۇلنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ـ ساڭا زادى بىر ئىش بولدى، ـ دېدى سەمەت بوغۇق ئاۋازدا ـ يېقىنىڭياقى مەن بىلەنمۇ كارىڭ يوق، كەچكىچە ھاڭۋېقىپلا ئولتۇرىسەن. يا قىلغان ئىشىڭنىڭ تايىنى يوق. ئەمدى كېلىپ مېنىمۇ يېقىن يولاتمىساڭ. . .

ـ بولدى قىلامسىز يوق؟، ـ ھەمراگۇل زەردە بىلەن توۋلىدى ـ ھەجەپمۇ تويدۇم.

ئۇلارنىڭ ئاۋازى قايتا ئاڭلانمىدى. قادىرغا خۇددى ئۆيدىن سەمەت چىقىپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ، ئۆزىچىلا جىددىيلىشىپ، ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ يېپىنچاقلىۋالغان چاپىنىنىڭ ئالدىنى ھىملىغىنىچە ئىتتىك چامداپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. كۆڭلىدە سەمەت بىلەن ھەمراگۇلنىڭ بايىقى گەپلىرىنى بىر ـ بىر ئەسلەپ، قايتا تىزىپ بېقىۋاتاتتى.

*  *  *  *  *

غۇر ـ غۇر شاماللار يۈزلەرنى بىزەكلىك بىلەن سۆيۈپ، قاپىقى يامان قىيىنئانىدەك كۈلگەن بىلەن تۇتۇلغىنىنىڭ پەرقىنى بىلگىلى بولمايدىغان باھار كۈنلىرى باشلاندى. ھەممە ئېتىز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئەمگەك كەيپىياتى كېلىپ تۇراتتى. ئاللاھىنىڭ مۆمىنلىرى، يۇۋاش دېھقانلار ئۇچۇن ھەقىقىي ئىش ۋاقتى باشلانغان ئىدى. سەھرا يېرى دېگەن شۇ، «ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن» دېگەن ئىدىيە ھەممىسىنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن. بۇنىڭسىزمۇ ئۇلار ئۇچۇن تىرىكچىلىكتىن مۇھىم، ئىش ـ ئەمگەكتىن جىددىي ھېچقانداق ئىش بولمايتتى. بۇ يېزىنىڭ دېھقانلىرى ياز كۈنلىرى ھەپتىدە بىر كۈنلۈك «بازار بايرىمى» دىن باشقا چاغلاردا ئاساسەن ئېتىزدا بولاتتى. بىرنى ئىككى، ئىككىنى تۆت قىلىش كويىدا، بۇ يىل چوڭنىڭ تويىنى قىلىۋالسا، كېلەر يىلى كىچىكنى ئۆيلەشنىڭ ئويىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرەتتى. ھايات ياڭراتقان ئاجايىپ مىلودىيەلەر ئىچىدە سەھرا كۈيىنىڭمۇ ئۆزگىچە خاس جەزىبىدارلىقى، ئۆزگىچە ياڭرىشى ئاھاڭى بولاتتى. شۇلارنىڭ ئىچىدە ناتىۋانلارنىڭ يىغىسىمۇ كەم ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

دادىسىنىڭ ئۆيگە ئازنىلاپ كەتكەن ھەمراگۈل تاماق ئىتتىۋېتىپ، كۆڭلى ئاينىپ يىقىلىپ چۈشكەنچە ھۇشىدىن كەتتى. بارىتاخۇن زاۋۇتقا كەتكەن بولۇپ، ئۆيدە مېھرىگۈلخان يالغۇز ئىدى. ئۇ قورقۇپ كېتىپ دەرھال خوشنىلارنى ياردەمگە چاقىردى ھەم ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ھەمراگۈلنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ھەمراگۈل يېرىم يولدا ھۇشىغا كەلدى، شۇنداقتىمۇ، تەپسىلىي بىر تەكشۈرتۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە ئۇنى دوختۇرخانىنىڭ ئامبولاتورىيە بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىشتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكى ۋە تېنىنىڭ زىيادە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. مېھرىگۈلخان ئۇنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇشال بولدى. ھەمراگۈلنىڭ تۇنجى بالىسى چۈشۈپ كېتىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئاڭلىغان بۇ خەۋەر مېھرىگۈلخاننى خۇددى ئۆزى بالا يۈزى كۆرگەندەك خۇش قىلىۋەتكەن ئىدى. ھەمراگۈلنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا خوشنىلارنىڭ بالىلىرىدىن سەمەتنىڭ ئائىلىسىگە خەۋەر ئەۋەتىۋەتكەن بولۇپ، سەمەتمۇ ئالدىراپ - تىنەپ دوختۇرخانىغا ماڭغانلارنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالدى ھەم ھەمراگۈلنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىزچىل يېنىدا بولدى. ھەمراگۈلنىڭ بويىدا بارلىقىنى ئاڭلاپ مېھرىگۈلخان خۇشاللىقتىن سەكرىۋەتەي دەپ قالغان شۇ دەقىقىدە، سەمەتنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا چاقماق چېقىپ، دەھشەتلىك بوران چىقتى. ئۇ نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپنى ئاڭلىغان سەمەت جايىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدى. بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەردىن ئۇنىڭ ئەقلى گاراڭ ئىدى. ئۇ مېھرىگۈلخاننىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشتى ۋە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چىقىپ كەتتى. ئۇ دوختۇرخانا گۈللۈكىگە چىقىپ خالى بىر ئورۇننى تېپىپ ئولتۇردى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ زادى قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلمەي قالغان ئىدى.

- ئەينى چاغدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى خاتا بولغىيمىدى يا؟! ياكى ھەمراگۈل ماڭا خىيانەت قىلىپ... - ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە سەمەتنىڭ يۈرىكى چىم قىلىپ قالدى - ياق، ھەمرا ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ دېگەن دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق قىز. بىز كىچىكىمىزدىن بىر مەھەللىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئۇنىڭ قانداقلىقىنى مەن ھەممىدىن ئوبدان بىلىمەن. ئەجەبا... تەكشۈرۈش نەتىجىسى... مەن ساقىيىپ قالغاندىمەنمۇ يا؟... قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئىشلارنىڭ باش - ئاخىرىنى، توغرا - خاتاسىنى چوقۇم بىلىش كېرەك. بەلكىم پەرزەنتلىك بولالماسلىق ھەققىدىكى دىئاگنوز خاتا بولۇپ قالغاندۇ ۋە ياكى ھەمراگۈلنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى خاتادۇ. . .

سەمەت بىردىنلا سەگەكلەشتى. ئۇ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويغان دوختۇرنى ئىزدەپ بېرىپ، قايتا تەكشۈرۈپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى يەنىلا بۇرۇنقىدەك چىققان بولۇپ، سەمەتنىڭ پەرزەنتلىك بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە قالدى. تۇيۇقسىز بولغان ئىشلار ئۇنىڭ روھى دۇنياسىنى پۈتۈنلەي قالايمىقان قىلىۋەتكەن ئىدى.

سەمەت بۇ دىئاگنوزغا تازا كۆڭۈل قويالمىدى. يۇقۇرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ، ئۆلارمۇ ئالدىنقى جاۋاپنى بەرگەندە ئاندىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن نەزەرىنى ھەمراگۈلگە يۆتكىدى.

ئايىمنىسا، قېيىنئانىسى ۋە قېينى ئاتىسى ھەمراگۈلگە بۆلەكچە كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا بەكلا ۋاي دەيدىغان بولدى. ئىلگىرى بىخەستەلىك تۈپەيلىدىن بىر قېتىم بويىدىن ئاجراپ كەتكەن بولغاچقا، ھازىر ئۇنى نە ئېغىر ئىشلارغا سالمايتتى، نە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلدۇرمايتتى. ئەتىيازنىڭ ئەڭ ئالدىراش تېرىم ۋاقىتلىرى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، پەقەت چۈشتە بىر ۋاق تاماق ئېتىپ بەرگەندىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمايتتى. قىلمايتتى ئەمەس، سەمەت ئائىلىسىدىكىلەر ھازىر ئۇنى ھېچ ئىش قىلدۇرماي، خۇددى ئەتىۋارلىق قىزنى كۈتكەندەك كۈتۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

ھەمراگۈلنىڭ بويىدا بارلىقى مەھەللىگە ناھايىتى تېز تارقالدى. شۇ خەۋەر تارقىلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئىچىگە تىنىپ بۇرۇختۇم بولۇپ كەتكەن سەمەت ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ قايتا تەكشۈرتمەكچى بولدى. چۈنكى سەمەت چوڭ ياشلىق ئاياللاردىن سورىۋالغىنى بويىچە تولا ئاچچىقلىنىش، ئاسان چارچاش، تولا ئۇخلايدىغان بولۇپ قېلىش، ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەرنى كۆڭلى تارتىپ تۇرۇش، تاماق ئەتسە ياكى تاماق ئەتكەن يەردە تۇرسىمۇ كۆڭلى ئاينىپ ياندۇرۇش، بىر نەرسىلەرگە ئۆچ بولۇپ، قانداقلا زورلىغان بىلەنمۇ يېيەلمەسلىك، ئامراق بولغان نەرسىلىرنى يېمىسە گېلىدىن باشقا بىرنەرسە ئۆتمەسلىك ... قاتارلىق ھامىلدار ئاياللاردا بولىدىغان سىزىك ئالامەتلىرىنى ھەمراگۈلنىڭ كەيپىياتىدا روشەن بايقاۋاتاتتى. سەمەت ئاخىرى بۇ ئىشتىن گۇمان قىلدى. گۇمان قىلغاندىمۇ كۆڭلىگە شەك چۈشكۈدەك، ھەمراگۈلنىڭ ئۆز ئامانىتىگە خىيانەت قىلغانلىقىغا ئىشەنگۈدەك دەرىجىدە گۇمان قىلدى.

دوختۇرنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ ئوخشاش چىققان بولۇپ، ھەمراگۈلنىڭ ھاملىدار بولغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشقان ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەمەتنىڭ بېشى پىررىدە قايدى. ئۇنىڭغا خۇددى ئالەم چۆرگىلەۋاتقاندەك، كىمدۇر بىرى يۈرىكىنى قاتتىق قامالاپ مىجىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. سەمەت قولىدا تۇتۇپ تۇرغان دېئاگنوز قەغىزىنى قانداقلارچە پۇرلاپ مىجىۋەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. ئاچچىقتىن كىرىشكەن چىشلىرى لىۋىنى ھېلىلا قانىتىۋېتىدىغاندەك چىڭ چىشلەيتتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلار مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى. ئالدىدىكى ئاق خالات كىيىۋالغان سالاپەتلىك دوختۇر ئۇنىڭ چوپچوڭلا ئەركەك تۇرۇپ نېمىشقا يىغلايدىغانلىقى، خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك خەۋەر ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، نېمە ئۈچۈن مۇنداق بىئارام بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەي، ھەيرانلىقتا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ قالدى. ھەمراگۈل تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ دوختۇر ئىشخانىسىغا كىرگەندە سەمەت ئالللىقاچان ئىشخانىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، دوختۇر ئۇنىڭغا يولدىشىنىڭ غال - غال تىترەپ ئاچچىقتىن ساراڭ بولايلا دەپ قالغانلىقىنى، دېئاگنوز قەغىزىنى پۇرلاپ تۇتقىنىچە كۆزلىرىن ياش ئاققۇزغان پېتى ئىشخانىدىن خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ھەمراگۈلنىڭ يۈرىكى ئاغدى. گەرچە ئۇنىڭ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى، نېمە سەۋەپتىن يىغلاپ، قەغەزنى پۇرلىۋەتكەنلىكىنى، يەنە نېمە سەۋەپ بىلەن ئازاپلانغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنلىكىنى كۆڭلى تۇيغان ئىدى. ئۇ دوختۇر ئىشخانىسىدىن چىقىپ، <<يىغلىغان بولسا چوقۇم تازىلىق ئۆيىگە كىرىدۇ>> دېگەن ئوي بىلەن ئەرلەر تازىلىق ئۆيىنىڭ يېنىدا بىردەم ساقلاپ تۇردى. خېلى ساقلىغان بولسىمۇ سەمەت چىقمىغاندىن كېيىن دوختۇرخانا ھويلىسىغا چىقىپ سەمەتنى ئىزدىدى. بىر ھازا ئىزدەپمۇ تاپالماي، ئاخىرى ھېرىپ - چارچىغان ھالدا ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

ھەمراگۈل خۇشال ئىدى، ھاملىدار بولغىنىدىن، سەمەتكە يەنە بالا تۇغۇپ بېرەلەيدىغان بولغانلىقىدىن قەۋەتلا خۇشال ئىدى. سەمەت ئۇزۇندىن بىرى ھەمراگۈلدىن يۇ شۇرۇپ كېلىۋاتقان سىرنى بىلمىگەچكە قۇرسىقىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ تۇرغان بالىنى سەمەتنىڭ بالىسى دەپ بىلەتتى. ھاياتىنىڭ مەزمۇنىغا قوشۇلۇش ئالدىدا تۇرغان يېڭى بىر جاننىڭ خۇشاللىقى ھەمراگۈلنى پۈتۈن دۇنيانى بەرگەندەك شادلاندۇرغان ۋە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەن ئىدى. بىراق...

ھەمراگۈل ئۆيگە كەلگەندە سەمەت ھوجرا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ، ئۆي ئىچىدە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ - جارقىراۋاتتى. ئۆي ئىچىدىن پات - پات بىر نەرسىلەرنىڭ جاراڭشىپ،

ئۆرۈلۈپ چېقىلغىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى. سەمەتنىڭ ئاندىسى بىلەن ئايىمىندىسا ئىدىشك تۈۋىدە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتاتتى.

ـ ئۇنداق قىلما بالام، نېمە گەپ بولسا سىرتقا چىقىپ چىرايلىق دېگىن، زادى نېمە ئىش بولدى؟

سەمەتنىڭ ئاندىسى يىغلاپ ئېقىپ كەتكەن بولۇپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ ئارانلا چىقاتتى. ئاندىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋاسىز هالدا سەمەت ئۆي ئىچىدە گاه يىغلاپ، گاه ۋارقىراپ ئالەمنى مالەم قىلىۋاتاتتى.

ـ سەمىتاخۇن، ئوبدان ئۇكام، بىزنى قورقۇتماڭ ماقۇلمۇ؟... ئاۋال ئىشىكنى ئېچىڭ، قانداق گەپ بولسا بىزگە دەڭ...

ـ كېتىڭلار، مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن...

ـ ئۇنداق دېمە بالام، مەن چىدىمايدىكەنمەن. ئۇنداق باغرىمنى ئەزمىگىن جېنىم بالام...هۇ هۇ هۇ......

ـ كېتىڭلار دەۋاتىمەن! مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار!...

ـ بىزنى ئەنسىرىتىپ ئارامىڭىزدا بولالامسىز؟ ئۇنداق قىلماڭ، ئانامغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن جېنىم ئۇكام...

ـ كېتىڭلار دېدىم، هېلى بىكار ئۆزۈمنى بىرنېمە قىلىۋالىمەن...

هەمراگۈل هويلىغا كىرىپلا دۈچ كەلگەن بۇ پاتىپاراقچىلىقتىن يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ئالمان ـ تالما هوجرا ئۆينىڭ ئىشك تۈۋىگە كەلدى:

ـ نېمە ئىش بولدى ئانا؟ بۇ زادى...

ـ سەمەت... ئۆيگە سولىنىۋېلىپ يىغلاپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرىدۇ... نېمە بولغىنىنى دېمىدى، بىزمۇ بىلمىدۇق. بىللە كەتكەنتىڭلارغۇ، سىز بىلمەمسىز؟ ـ ئايىمنىسا شۇنداق دەپ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىدىن تاراملاۋاتقان ياشنى سۈرتتى. قېينئانىمۇ دەرهاللا هەمراگۈلگە يۈزلەندى:

ـ كەلگەندىن بىرى مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ. يولدا بىر نېمە دېيىشىپ قالغانمىتىڭلار بالام؟

ـ ياق... ھاجەتكە كىرىپ كەتكەن چېغىمدا دوختۇرنىڭ يېنىدا قالغان، چىقسام يوق تۇرىدۇ. ئىزدەپ تاپالماي يېنىپ كەلگەنتىم تېخى.

ـ بۇ بالا ساراڭ بوپ قالاي دەپتۇ، ھېچقايسىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى... ئالمادىس ئۆزىنى بىر نېمە قىلىۋالسا...

ئانا شۇنداق دەپ يەنە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ـ سەمەت، نېمە بولدىڭىز؟ ئىشىكنى ئېچىڭە! ـ ھەمراگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان گۈلدۈر ـ تاراقلار شۇ ھامان توختىدى ۋە شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۆي ئىشىكى ئېچىلدى. ئېچىلغاندىمۇ زەرپ بىلەن، شۇنداق تۇيۇقسىز ھەم قوپال ئېچىلدى. ئۇچەيلەن ھۇدۇقۇپ، قورقۇپ كېتىشتى. سەمەتنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ياش بىلەن بۇلغىنىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىغان ئىدى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن سەمەت ئۇچقاندەك كەلگەن پېتى ھەمراگۈلگە ئېتىلدى:

ـ سەن بۇزۇق! ئېيتە، قۇرسۇقۇڭدىكى ھاراملىق زادى كىمنىڭ؟ گەپ قىلە پاسكىنا!...

ـ بالام نېمە دەۋاتىسەن؟! بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟...

ـ خۇدايىم توۋا دەڭ! قانداق گەپ بۇ؟!...

ـ نېمە دەۋاتىسىز سەمەت؟ سىز...

ھەمراگۈلنىڭ ياقىسىدىن ئاجرىغان قول تۇيۇقسىز ئۇنىڭ سول كاچىتىغا تەگدى. «چاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. سەمەتنىڭ ھاقارىتىگە چىدىماي كۆزلىرىدىن دەريادەك ياش تۆكۈپ ئۆلگۈرگەن، لىۋىنى چىشلەپ تىترەپ تۇرغان ھەمراگۈل شۇ بىر كاچات بىلەن تەڭ دەققە ئىچىدە ئۆزىنى يەردە كۆردى. سەمەت ئانىسى ۋە يەڭگىسىنىڭ ئېسىلىپ تۇتۇۋالغانلىرىغا قارىماي، ئۇنى ھويلا ئىچىدە سۆرەپ يۈرۈپ دەسسەپ ـ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئانىسىنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرى، يەڭگىسىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى ۋە ھەمراگۈلنىڭ ناللىرى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى.

ـ ئېيت دەيمەن! نەدە يۈرۈپ، قەيەرلەردىن تاپتىڭ بۇ نىجاسەتنى؟ نومۇس قىلماي... مېنىڭ ئۆيۈمدە ماڭا ھارامدىن بالا تېپىپ بەردىڭمۇ بۇزۇق؟ ياخشىلىقچە ئېيت، بولمىسا تۇغۇلغىنىڭغا تويغۇزىۋېتىمەن... تىرەڭنى تەتۈر سويۇپ داداڭنىڭ بوسۇغىسىغا كۆمۈۋېتىمەن سەن قانجۇقنى...

ـ ياق... ئۇنداق قىلمىدىم... بۇ سىزنىڭ بالىڭىز جېنىم سەمەت، ماڭا ئۇۋال قىلماڭ ھۇ... ھۇ... ھۇ...

ـ جېنىم بالام، سەندىن خۇش بولاي ئوبدان بالام. ئۇنى قويۇۋەت! بالىغا زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن، جېنىم بالام، سەندىن خۇش بوپ قالاي...

ـ ياق، بۈگۈن زادى ئېنىقلىماي قويمايمەن. بۇ تىجمەلنىڭ قىزى مېنىڭ دوپپامغا جىگدە سېلىپ هارامدىن بالا تېپىپ يۈرۈپتۇ...

ھويلا ئىچىنى قىيا ـ چىيا قاپلىدى. خۇددى كىنولاردىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكىدەك قالايمىقان پېتىراش، قوغلىشىش ـ تارتىشىش، ۋارقىراش ـ چىرقىراشلار سۈرلۈك بىر مەنزىرە پەيدا قىلغان ئىدى. ھايالشىماي ھويلىغا مىژىدە ئادام يىغىلدى. كىرگەنلەر مىڭ جاپادا ھەپىلىشىپ يۈرۈپ سەمەتنى تۇتۇۋېلىپ، ھەمراگۈلدىن ئاجرىتىۋەتتى. ھەمراگۈلنىڭ پېشانىسى يېرىلغان بولۇپ،يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويىلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ئىدى، قان ۋە ياش يۇقىدىن چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن، توختىماي يىغلاۋاتقان ھەمراگۈل ھە دەپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچارغا جاي ئىزدەيتتى. ئايمىنسانىڭ قورقۇنچتىن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سەمەتنىڭ قولى ھەمراگۈلدىن ئاجرىغان ھامان يۈگرۈپ بېرىپ، ھەمراگۈلنى قۇچاقلاپ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى ھەمدە يۈزلىرىدىكى قان ۋە ياش يۇقى لايىنى سۈرتۈپ ـ سىلاپ يىغلاپ كەتتى. قېينئانىسى قورقۇنچتا ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، بىر نەچچە خوشنا ئايال بىر چەتتە ئۇنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ئاۋارە ئىدى. يىغىلغانلار تۈشمۇ ـ تۈشتىن سەمەتكە تەربىيە ئىشلىگىلى تۇردى:

ـ ياشلىقىڭلىدا قىزىققانلىق قىلىۋاتىسلە ئۇكام ـ دەيتتى ياشتا چوڭ مويسىپىت بىر كىشى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ ـ گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشىڭلار. ئۇرۇش ـ تالاش قىلمايمۇ ھەل قىلغىلى بولىدۇ ئىشلار دېگەننى...

مويسىپىتنىڭ گېپى تۈگىمەستە سەمەت يەنە ھەمراگۈلگە ھۈرپەيدى:

ـ ماۋۇ مەينەت تەپتارتماي مېنىڭ ئۆيۈمدە خەقتىن بالا تېپىپ، ھارامدىن بولغان نېمىسىنى «سېنىڭ بالاڭ» دەۋاتىدۇ... ئۆلتۈرۈۋېتىمەن بۇ قانجۇقنى...

يېنىدىكىلەر گۈررىدە بولۇشۇپ سەمەتنى يەنە تۇتۇۋالدى. ھەمراگۈل قورققىنىدىن ئايمىنسانىڭ قۇچىقىغا چۈكۈپلا كەتكەن ئىدى.

ـ هاي، هاي ئۇكام، يامان بولدۇ، ئۇنداق كۆپۈرلۈق قىلماڭ! خەقنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ئارىنى بۇزماڭلار...

ـ بىركىم دېگەن گەپ ئەمەس ئۇ، قولۇمدا ئىسپات بار. بۇگۈن زادى بۇ رەسۋانى بۇزۇقچىلىق قىلغانغا تويغۇزمىسام...

سەمەت تۇتىۋالغانلارنىڭ قولىدىن بىر يۇلقۇنۇپلا ئاجراپ چىقتى ۋە كەلگەن پېتى ھەمراگۈلنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، بىرلا سۆرەپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىغا خۇددى كونا تاغارنى تاشلىغاندەك چۆرۈپ ئاتتى. ھەمراگۈل قىرىىدە چىرقىراپ پالاققىدە چۈشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قاتتىق ئاغرىپ، چىدىغۇسىز قىيىنماقتا ئىدى. بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەر ئىچىدە بۇنىڭدىن ئارتۇق كۆڭۈلنىڭ بارلىقىنى ئۇ ئەسلىيەلمەيتتى. يەنە بۇنىڭدىن ئارتۇق كۆڭۈلەرنى كۆرۈپ ياشاشقىمۇ كۆزى يەتمەيتتى. ئۇ خۇددى بارلىق دەرد ـ ئەلىمى يىغلاش بىلەن چىقىپ كېتىدىغاندەك بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلايتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھازىرقىدەك ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك مىنۇتلاردا يىغلاشتىن باشقا يەنە قانداق تەسەللىيسى بولسۇن؟!

ئەتراپتىكىلەر چاقىقانلىق بىلەن ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئايىمنىسا ھەمراگۈلنى قايتىدىن قۇچىقىغا ئېلىپ، دەسسىلىپ قالغان ياغلىقنى يەردىن ئېلىپ قىېقىشتۇرۇپ، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى باستۇرۇپ چىگىپ قويدى. ھويلىدىكىلەر بۇ كارامەتتىن ھەيرانۇ ـ ھەس قالغان ھالدا بەزىلىرى ياقىلىرىنى تۇتۇپ <<تۇۋا!>> دېيىشسە، بەزىلىرى بارمىقىنى چىشلەپ << ۋاي ئىست! بىچارە...>> دېيىشىپ قېلىشتى. سەمەتنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان خورلۇق ياشلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. دەپسەندە قىلىنغان ئەرلىك غۇرورى ۋە پاك مۇھەببىتىنىڭ ئىسيانكار روھى شۇ تاپتا ئۇنى بەئەينى ساراڭغىلا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ھويلىدىكىلەردىن بىر نەچچە سى سەمەتنى سۆرەپ دېگۈدەك ھوجرا ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىۋىدى، ئۆيگە كىرىپلا يەنە چاقىدىغاننى چېقىپ، ۋارقىراپ ـ يىغلاشقا باشلىدى:

ـ داد! خوتۇن ئالغانغا داد!... مۇشۇنداقمۇ ئەلەم قىلامدۇ؟!... ياخشى كۆرۈپ، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ ئېلىپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۆتكەنىنىڭ جازاسى! داد خالايىق ! داد...
ـ ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ دادلاشلىرى، يىغلاپ ـ قاخشاشلىرى ھويلىدىن ئېشىپ پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالدى ـ بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ماڭا ھارامدىن بالا تېپىپ بەردى خالايىق! مانا كۆرۈڭلار، مانا ئىسپاتى ئۇبدان خالايىق، ئۇنىڭ قۇر سىقىدىكى مېنىڭ بالام ئەمەس....مەن...
مەن بالا تاپالمايمەن خالايىق! ئىككى يىل بۇرۇن شۇنداق بولۇپ قالغان، تىراكتور بېسىۋالغاندىن بىرى بالا يۈزى كۆرۈلمەيدىغان بولۇپ قالغانمەن... دوختۇر دىئاگنوز قويۇپ شۇنداق

دېگەن...مانا كۆرۈڭلار، مانا... ـ سەمەت شۇنداق دېگىنىچە بىرىپ، يەردە چېچىلىپ تۇرغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى بىر ياققا ئۆرۈپ، ئاستىغا بېسىلىپ قالغان دىئاگنوز قەغىزىنى تاپتى ۋە ئۆي ئىچىدىكىلەرگە قارىتىپ نەچچىنى پۇلاڭلىتىپ ئاندىن چۆرىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزى ھېچنىمىنى كۆرمەيتتى ۋە ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلىشقا ھالى يوق ئىدى.

ياشقىنا بىر بالا ئىڭىشىپ تۇرۇپ ئاستا لەيلەپ ئالدىغىلا چۈشكەن قەغەزنى ئالدى ۋە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، يېنىدىكى ئوقۇغۇچى چىراي بالىغا ئۇزىتىپ ئاستا پىچىرلىدى:

ـ خېتى خەنزۇچىكەن، مەن ئوقۇيالمىدىم. سەن كۆرۈپ باقە.

بالا قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئىككى يېنىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەردىن قەغەزنى ئالغان بالىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقان ھامان يۈزىگە قىزىللىق تەپتى ۋە قەغەزنى دەرھال ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ـ نېمە دەپتۇ؟ ـ دەپ سورىدى سەمەتكە نەسىھەت قىلغان موي سىپىت بالىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ.

ـ مەن بىلەلمىدىم. چۈشىنەلمىدىم...

بالا تىلىنى چايناپ ئېنىق بىرەر گەپ قىلالماي قالدى..

ـ سەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيسەنغۇ؟ ئوبدانراق قاراپ باق، بىر دېگىنە بالام، شۇنچە ئۇرۇپ كەتكۈدەك نېمە گۇناھ قىپتىكەن ئاۋۇ بالا؟ بىر ئوقۇغىنە شۇ قەغەزنى، مەنمۇ بىر ئۇقاي.

ھەممەيلەننىڭ نەزىرى بالىغا مەركەزلەشتى. بالا بىردەم ئەيمىنىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ئاغزىنى ئۆمەللىدى:

ـ شۇ... سەمەت ئاكامنىڭ دوختۇر تەكشۈرۈش قەغىزىكەن...

ـ ئۇنى ئۇقتۇم، خېتىدە نېمە دەپتۇ، شۇنى دېگىنە!

ـ مەن ئۇقالمىدىم، ئىرماش ـ چىرماش يېزىۋېتىپتۇ، يەنە كېلىپ مەزمۇننى چۈشىنەلمىدىم...

كۆپچىلىك بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە بىلەلمىدى. ئارىدا گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پاراڭلار چىقىشقا باشلىدى. شۇ پەيتتە، سەمەت بېشىنى قاماللاپ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ھۆڭرەپ يىغلاۋاتتى. ھەممەيلەن سۈكۈتكە چۆكۈشتى. ئارىنى خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىق قاپلىدى. بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت ھويلىدىكى داق يەردە، ئايىمىنسىزانىڭ قۇچىقىغا چۆكۈپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ھەمراگۈلنىڭ

يىغىسىلا بۇزۇپ تۇراتتى. سەمەتنىڭ ھالىغا قاراپ ھەممەيلەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقاندەك قىلاتتى. ئۆيدىكىلەر بىر - بىرلەپ سىرتقا چىقىشتى. مويسىپىت كىشىمۇ ئەمدى ئارتۇق گەپكە ئورۇن قالمىدى دەپ ئويلىدى بولغاي، ھەممىنىڭ بېشىدا ئۆيدىن چىقتى ھەم ھويلىدىمۇ توختىماي، ئۇدۇل دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. بىر نەچچەيلەن چىرايلىق گەپ قىلىپ ھويدىكىلەرنى تارقىتىۋېتىشتى. ھويلىدا ئەمدىلا ھوشىغا كەلگەن ئانا، ئايىمىسا ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىدا تېخىچە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ھەمراگۈللا قالدى. ئايىمىنىسا شۇ تاپتا قادىرنىڭ تىزراق قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق ئىدى. قېرىشقاندەك، بۈگۈن ئۆيدە سەمەتتىن باشقا ئەر كىشى يوق بولۇپ، قادىر بىر ئىش بىلەن ناھىيە مەركىزىگە كەتكەن ئىدى. قېيىنئاتىسى بولسا قاچانلا قارىسا بۇغدايلىرىم، كۆمۈزلىرىم دەپ ئېتىزدىلا يۈرىدىغان بولغاچقا، ئۆيدە بولغان ئىشلاردىن تېخى خەۋەر تاپمىغان ئىدى. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا، قەيەردىلا بولسا تۇرغان جايىنى تېپىپ، ئىشلارنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە يەتكۈزۈپ بولىدىغان خوشنىلىرى بۈگۈن ئۆلارنىڭ ھويلىسىدا بولغاچقا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئىدى.

سەمەت يىغىدىن توختىغان، بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرى نۇرسىز ھالەتتە قېتىپ قالغان ئىدى. ھەمراگۈلنىڭ تېخىچە يىغلاۋېرىشى ئۇنىڭ جۇدۇننى ئۆرلىتىپ، خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى ۋە ھەمراگۈلنىڭ بىلىكىدىن تۇتقان پېتى سۆرەپ دەرۋازا ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. ھويلىدا قايتىدىن قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى:

- تۇرە پاسكىنا، ھاراملىقىڭنى تاپقان يەرگە بېرىپ يىغلاپ بەر! بۇ ئۆيدە ئەمدى ساڭا ئورۇن يوق! يوقال كۆزۈمدىن!...

- ۋايجان.... ۋاي ...

- ئۇنداق قىلماڭ جېنىم ئۇكام، خۇدا ھەققى ،سىزدىن خوش بوپ قالاي...

- ۋاي ئاللا... ئادەم ئۆلىدىغان بولدى... جېنىم بالام قويۇۋەت...

ھويلىدىكى يىغا - زارە پەلەككە يەتكەن بولسىمۇ بۇ قېتىم ھېچكىم ئۇلارنى ئاجرىتىۋېتىشكە كىرمىدى. سەمەت ھەمراگۈلنى كونا تاغارنى سۆرىگەندەك ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن قاماللاپ تۇتۇپ سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، دەرۋازا تۈۋىگە پالاققىدە تاشلىدى - دە، دەرۋازىنى تاراقشىتىپ تاقاپ، ئىلگۈچتە پۇلاڭلاپ تۇرغان قۇلۇپنى سېلىپ جاققىدە تاقىۋەتتى. ھەمراگۈل ئىشىك ئالدىدا بىر ھازا يىغلاپ - يىغلاپ بىر كەمدە ئاۋازى ئۆچتى. سەمەت دەرۋازا ئالدىدا تۇرىۋېلىپ ئانىسى بىلەن

يەڭگىسىنىڭ قولۇپنى ئېچىپ سىرتقا چىقىشىغا يول قويمىغانلىقتىن، ئامالسىز ھويلا ئىچىدە يىغلىشىپ ئولتۇرۇپ، خۇدادىن ئۇنىڭ ئىنسابىنى تىلەشتى.

كەچ كىردى. قادىر ناھىيە بازىرىدىن قايتىپ كېلىپ << ئىشىكنى ئېچىڭلار >> دېگەن چاغدىلا سەمەت بىر ئاز ئېسىگە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ھەمراگۈل قاياقلارغىدۇر غايىپ بولغان بولۇپ، سەمەتمۇ ئۇنىڭ دەرۋازا ئالدىدا يوقلىقىغا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، لەيلەپ ماڭغىنىچە مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ كىرىپ كېتىشى بىلەن ئايىمىنىسا ئۇچقاندەك بېرىپ دېرىزە تەكچىسىگە ئېلىپ قويغان ئاچقۇچنى تېپىپ كېلىپ، دەرۋازىنى ئاچتى. چوڭ بىر سوئالىياۋ خالىتىدا نېمىلەرنىدۇر كۈتۈۋالغان قادىر دەرۋازا ئالدىدا مۇنارىدەك تىكىلىنىپ تۇراتتى. بىراق، ھەمراگۈلنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

قادىر ئۆي ئىچى ۋە ھويلىنىڭ ئۆرە - تۆپە بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆيدىكىلەرنىڭ چىرايلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى تونۇش بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ، توك سوقۇۋەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان دادىسى بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئىچىگە تىنىپ ئولتۇراتتى. ئايىمىنىسانىڭ يىغىسى تېخىچە توختىمىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قانچە تىرىشىپ باقسىمۇ، كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ رايىغا بارمايۋاتقان ئىدى. سەمەتنىڭ ئانىسى ئالدىقاچان تاپا - تەنىنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، ھېلى سەمەتنى، ھېلى ھەمراگۈلنى تىللاپ رەسۋايى - ئالەم قىلىۋېتىپ بارماقتا ئىدى. <<كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال>> دېگەندەك، خورلۇق ئۈستىگە قىلىنىۋاتقان ئاھانەتلەر سەمەتنى جېنىدىن تويغۇزماقتا ئىدى. قادىر ئىشلارنىڭ باش - ئاخىرىنى ئىلغا قىلالماي، بىردە توختىماي تىللاپ، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ يىغلاۋاتقان ئانىسىغا، بىردە ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتكەچ مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇرغان ئايالىغا قاراپ ئېككى تايىن بولۇپ قالدى. ئۆيدە ھەمراگۈلنىڭ بولماسلىقى، خوتۇنىنىڭ ئىشىكنى ئاچا - ئاچمايلا <<ھەمراگۈل قېنى؟>> دەپ سورىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقانداق شۈبھىلەرنى سېلىپ ئۆتكەن، لېكىن ئىشنى بۇ دەرىجىدە دەپ ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر شۇملۇقنىڭ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، يۈز بېرىپ بولغانلىقىنى پەملىدى. پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغان ھالەتتە، خۇددى پالەچ ئادەمدەك، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەڭ ئەنسىرەۋاتقىنى ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى، ئۆيدىكىلىرى ئالدىدا يۈزىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇشى، ئەل - مەھەللىدە سېسىشى ئىدى.

- ئاتا - ئانىسىنىڭ تايىنى يوق يېتىم ئوغلاقنى ئالما، ساڭا چېكىپ تۇرۇپ تاللاپ، تىرناقتا توختىغۇدەك خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن، دېسەم ئۇنىماي، - دەپ ۋارقىرايتتى سەمەتنىڭ ئانىسى

قوللىرىنى شىلتىپ ـ ئاشۇ يېتىم قوزىغا چاپلىشىۋالدىڭ، ئەمدى ئوبدان بولدىمۇ؟ تۇزۇك تەربىيە كۆرمىگەن خەقتىن ياخشى ئادەم چىقامدۇ؟ ۋاي نومۇسۇم... ئەل ـ مەھەللە ئالدىدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن ئەمدى...

ئانىنىڭ غەۋغاسى بېسىقمىغانىسىرى، قادىرنىڭ قورقۇنچلىرى شۇنچە ئېشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ ئاستا خوتۇنىنىڭ يېنىغا كەلدى:

ـ ھېي، نېمە ئىش بولدى زادى؟ نېمە ئالا ـ توپىلاڭ بۇ؟

ئايىمنىسا بېشىنى شارتلا كۆتۈرۈپ، غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قادىرغا تىكتى. ئۇنىڭ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىدىن نەپرەت ياغدۇرۇپ قاراشلىرى قادىرنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىۋەتتى. قادىر ھودۇقۇپ باشقا يەرگە قارىۋالدى. ئايىمنىسانىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭغا خۇددى <<ھەممىگە سەن ئەيىپلىك، يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن سورايسەن؟>> دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، يۈزلىرى كۆيدى. ئايىمنىسا ئېرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قادىر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ ـ قويۇپ دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى:

ـ نېمە ئىش بولدى دادا؟ ئانام نېمىگە ئۇنچە چېچىلىدۇ؟ ھەمراگۈل قېنى؟

ـ قوي بالام شۇ نىجىسنى... خۇدا ئۇرۇپتۇ بىزنى، بىچارە ئۇكاڭ... ـ بوۋاي كۆز چاناقلىرىدا ئېسىلىپ قالغان يىپشنى زورىغا بېسىپ يىنىك ئۇھ تارتتى.

ـ بىر گەپ قىلسىڭىزچۇ دادا، زادى نېمە ئىش بولدى؟

ـ ئاۋۇ كىچىك كېلىن، ـ دېدى بوۋاي سەمەتلەرنىڭ ھوجرا ئۆيىنى ئىما قىلىپ ـ سىرتتا ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ. ئۆتكەندە ئىنىڭ تىراكتور بېسىۋېلىپ يارىلانغاندا دوختۇر باللىق بولالمايدىكەنسىز دەپتىكەن. ئۇ ئىشلار بولغىلىمۇ ئۈچ يىل بولاي دېدى، لېكىن ئاۋۇ كېلىنىنىڭ بويىدا قالغىلى ئىككى ئاي بوپ قاپتۇ. قارا ماۋۇ نومۇسسىزلىقنى... تالادىن بالا تېپىپ كىرگەن گەپ...

قادىرنىڭ قۇلىقىدىن كىرگەن بىر ئاغرىق يۈرىكىگە بېرىپ توختىدى. ئۇنىڭغا ئاسمان پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، بېشى قايدى. ئايىمنىسانىڭ بايىقى قاراشلىرى كۆز ئالدىغا قايتا كەلگەندە بولسا << ئۇ بۇ ئىشلارنى بىلىدۇ، چوقۇم... ھەتتا ھەممىسىنى بىلدى...>> دەپ ئويلاپ يۈرىكى يەنە بىر ئاغىدى. ئۇ لاسسىدە بوششىپ سۇپىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

خۇپتەن مەھەلى، كۈيئوغلىنىڭ ئۆيىدە قارا بوران چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىراپ يېتىپ كەلگەن بارىتاخۇن بىلەن مېھرىگۈلخان بۇ ئۆيدە سـۈسـلا قارشـى ئېلىندى. نە تەكەللۇپ، نە دا ستىخان سېلىپ چاي قۇيۇ شلار يوق، پەقەت غەزەپلىك قارا شلار ۋە ئاچچىق كىنايىلىك سۆز ـ ئىبارىلەر...

ـ ماڭا قارىسـلا مېھرىگۈلخان، ـ دېدى موماي ـ بالىنى سـلى تۇغمىغان بىلەن تەربىيىلەش ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى، ھە! قوناقلىقتا سـۆرىشـىپ يۈرۈپتىكەن دەپ قارا يۈزلۈك قىلالماي ئېلىپ بەردۇق، ئەمدى بولغاندىمۇ كونا خۇيىنى تاشلىماي قوناقلىقتا بالا تېپىپ كەلسە، بىز ـ زە، گەپ قىلماي قوبۇل قىلساق بولىدىكەن ـ دە؟!

ـ ئۇنداق سـەت گەپ قىلمىسـلا قۇدام، خۇدالىق ئالەم بۇ، ئىگىمىزنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بوپ كەتمەيلى يەنە. قوناقلىقتا بالا تاپتى دېگەنمۇ گەپمۇ؟

ـ يالغانمىدى؟ بىزنىڭ بالا بىلەنمۇ قوناقلىقتا يېتىلىشـىپ يۈرمىگەن بولسـا، بۈگۈنكى بۇ نەسـچىلىك بىزگە كەلمەيتتى قارىسـلا. ئىشـتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن دېگەن گەپ بار، ئادەم دېگەن ئىززىتىنى قىلغاننى بىلگۈلۈك...

ھىڭدىن سـېسـىق گەپلەرنىڭ قايسـى ئېغىزدىن چىقىپ، قايسـى قۇلاققا كىرىۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتمەك قىيىن ئىدى. تاكاللىشـىش، دە ـ تالاشـلاردىن ھويلا ئىچى يەنە بازارغا ئايلاندى. ھەمراگۈلنـىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قـادىر ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن بولۇپ، كىرمىگەن تۆشۈك، چىقمىغان دۆڭ قالمىغان بولسىمۇ يەنىلا تاپالمىدى. ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، بوغۇلۇپ كېتىپ باراتتى. تاپالمىغانسىرى ئۇنى مەڭگۈ قايتىپ كەلمىسە، مۇشـۇ كەتكەنچە پىنھان بىر يەرلەردە ئۆلۈپ قالسـا دەپمۇ ئويلىدى. ھەمراگۈلنىڭ قورسـىقىدىكى بالىنىڭ قادىرنىڭ ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىگەن، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قادىر ھەمراگۈل ھەققىدە مانا مۇشۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

ـ بىرەر يەردە پىنھان يېتى ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى ھېچكىم كۆرمىسە، ئوتتۇرىمىزدا بولغان ئىشلارنىمۇ ھېچكىم بىلمىسـە، بالىنىڭ مېنىڭ ئىكەنلىكىنىمۇ ھېچكىم ئۇقماي قالسـا. ھېچ بولمىغاندا يىراقراق بىرەر يەرگە كېتىپ، شـۇ يەردە جېنىنى جان ئەتسـە، مۇشـۇ بالا قازادىن بىر ئامان ـ ئىسـەن ئۆتتۇۋالسام...

مانا مۇشـۇنداق، ئۇنىڭ چىرىپ تۈگىگەن روھى ئۆزگىنى ئويلاشـقا قادىر ئەمەس ئىدى. بىراق ئايالىنىڭ ئۆزىگە چىراي ئاچماسـلىقىدىن ئەنسـىرەيتتى، خەۋپسـىرەيتتى. خۇددى ئايىمىنسـا بۇ

ئىشلارنى بىلدىغاندەك، بىر كۈنى ئەمەس ـ بىر كۈنى ئاشكارىلاپ ئۇنى ئوسال قىلىدىغاندەك، ئۆز جېنىغا سىرتماق سېلىپ، بۇ يۇرتتا تۇرۇشنى ئۇنىڭغا هارام قىلىدىغاندەك تۇيغۇدا ئەيمىنەتتى. يۈرىكى ئاغاتتى. تۇرۇپلا ئۇنداق ئەمەستەكمۇ ئويلاپ قالدى.

ـ ئەگەر شۇ ئىشلارنى بىلسە هېلىغىچە نېمىشقا دېمەيدۇ؟ ـ دەپ ئويلىدى ئۇ ـ ماڭا ئالىيىپ، بۇ قەدەر ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگۈچە، دەپلا ئىچىنى بوشىتىۋالسا، شۇ دەرىجىدە ئاچچىقى بولغاندىكىن هەممەيلەننىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى يېيىۋەتسە بولمامدۇ؟ بىلمىگەنمىدۇ يا؟ چوقۇم بىلمىدى. ئەمما... بىلىپ قالغان بولسىچۇ؟ دېيىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن ياكى قورققان بولسىچۇ؟...

بارىتاخۇن ئىككى ئايالنىڭ تاكاللىشىشلىرىنى ئاڭلاپ بىردەم ئۈنسىز تۇرۇپ باقتىيۇ، لېكىن گەپ چىڭىغا چىققاندا چىداپ تۇرالمىدى.

ـ هاي، هاي مەرەمنىساخان، ئاغزىم بار دەپ گەپنى قىلىۋەرمەيلى. ئۇقۇشماسلىق بولغان بولسا چىرايلىق هەل قىلغىلى بولىدۇ. سەمەتاخۇننىڭ بالا تاپالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدا نېمە ئىسپاتلىرى بار؟ شۇ چاغدا ئاشۇنداق بىر ئۆسەك سۆزلەر تارقاپ كېتىپتىكەن. لېكىن هەمراگۈل هەرگىز ئۇنداق يامان يوللاردا ماڭىدىغان بالا ئەمەس. هەرقانچە بولسىمۇ ئىككى جان ئادەمنى ئۆرۈپ ئۆيدىن هەيدىۋەتكەن بارمۇ؟ ئېلىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، بالا ئۆزىمىزنىڭ، يەنە ئۆزىمىز ئېلىپ كېتىمىز ئەمەسمۇ؟ هايۋانمۇ قىلمايدۇ سىلى قىلغاننى...

بارىتاخۇننىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ئايال قۇدىسىغا تىك كەتتى:

ـ هەئە بارىتاخۇن، بىز قىلغاننى هايۋان قىلمايدۇ. لېكىن سىلىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزلىرى قىلغاننى ئەسلى هايۋان قىلىدۇ. ئۇرسا ئېرى ئۇردى، ئۇرۇڭ دەپ مەن ئۆگۈتۈپ قويمىدىم. هەيدىۋەتكەن مەن بولمىغاندىكىن چاغلاپ گەپ قىلسىلا...

ـ ئۆگۈتۈپ قويمىغانلا يەرلىرى قاپتىكەن راست، ـ مېهرىگۈلخان گەپكە لوقما سالدى ـ هېلىمۇ بىچارە باللىنىڭ يۈرىكىنى يەپ بولۇشتىلا. ئىچلىرىمۇ ئاغرىمايدىكەن خۇدا ياراتقان بەندىگە...

ـ ئىچىمىز ئاغرىدى، دەپ هارامدىن بالا تېپىپ بەرسىمۇ بوپتۇ دەيلىمۇ مېهرىگۈلخان؟ گەپ دېگەننى چېغىدا قىلىدىغان. بالىسى يۈزىگە پوق سۈرتۈپ يۈرسىمۇ يەنە گەپنى چوڭ قىلغىنىنى كۆرەيمۇ...

ـ قانداق يوق سـۈرتۈپتۇ؟ ـ دېدى بارىتاخۇن قىزىشىپ ـ باللىرى ئۆزى تاپقان بالىنى هارامدىن تاپقانغا چىقىرىپ قىزىمىزنى بوزەك قىلسا، سىلى بېسىپ بېرىپ ئۇرغۇزۇپ نېمە قىلماقچى زادى؟ ئوغۇللىرىغا بىرەر بايۋەتچىنىڭ قىزى تەييار بوپ قاپتىكەنما؟ ئاجراشقۇسى كەلگەن بولسا هەر ئىش ئۆز يولىدا بولىدۇ. خۇدادىن قورققۇلۇق جېنىم قۇدام!...

بۇ گەپ مېهمانخانا ئۆيدىكى گىلەم ئۈستىدە ئەلەم يۇتۇپ دۇم ياتقان سەمەتنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى غىدىقلىۋەتتى. ئۇ ياتقان يېرىدىن ئېرغىپ تۇرۇپ، ئىشىكنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېچىپ سىرتقا چىقتى؛

ـ كىمگە كىمنىڭ قىزى تەييار بولۇپ قاپتۇ؟ نومۇسقا قالغان ئادەمنىڭ بېشى تۆۋەن بولىدىغان، هەجەپ ئىنسابى يوق نېمىلەركەنسەنغۇ هەرقايسىڭ!؟ قىزىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىپ شەرمەندە بولسا خىيالىڭدا يوق گەپ تالاشقىلى كېلىشىپسىنا! ـ سەمەتنىڭ يېرىلغۇدەك بولۇپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ دېگەن بۇ سۆزى بارىتاخۇننىڭ يۈرىكىنى قاتتىق ئاغرىتىپ ئۆتتى. ئۇ خۇددى هەمراگۈلگە ئوخشاشلا ئامراقلىق قىلىدىغان بۇ كۈيئوغلىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان ھاقارەتلىك ئىبارىلەرنى ئىچىگە سىغدۇرۇشقا ئاجىز كېلىپ يۈرىكىگە زىڭڭىدە ئاغرىق كىردى ۋە يۈرىكىنى قاماللىغان پېتى پەشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ قالدى. مېهرىگۈلخان دەررۇ كېلىپ، ئۇنى يۆلەپ، مەيدىسىنى پەسكە قارىتىپ سىيىردى:

ـ نېمە بولدىڭىز دادىسى؟ مېنى قورقۇتماڭ. ۋاي خۇدايىم، نېمە كەلگۈلۈك بۇ...

مەرمىنىساخان بارىتاخۇننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سەل قورقتى. لېكىن يەنىلا ئۈندىمەي تۇردى. بارىتاخۇن سەل ياخشى بولۇپ ئۆرە بولىۋىدى مېهرىگۈلخان ئۇنى يۆلەپ ماڭدۇرۇپ دارۋازا تەرەپكە سىلجىدى:

ـ يۈرۈڭ دادىسى، پوققا چالما ئاتقىچە بېرىپ قىزىمىزنى ئىزدەيلى. نەلەردە تىنەپ يۈرىدىغاندۇ بىچارە بالا... توۋا... ئىنسانمۇ شۇنداق باغرى تاش بولامدۇ؟...

مېهرىگۈلخان تاراملاپ تۆكۈلىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتكەچ، ئاران نەپەس ئېلىپ تۇرىۋاتقان بارىتاخۇننى يۆلەشتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئايىمنىسا ياشلىق كۆزلىرىنى دەرۋازىغا تىككىنىچە ئۇھسىنىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەلىيان قىلىۋاتقان ئۇۋالچىلىق ھىسلىرى دەۋرەپ تاشايلا دەپ قالغان ئىدى.

تاڭ سەھەر، كىچىچە كۆزنى مىت قىلىپ يۇممىغان سەمەت بىر كېچىدىلا گۆردىن ئېچىۋالغاندەك ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى. ئانىسىنىڭ خۇيلىرى سەل بېسىققان بولسىمۇ

ئۇنىڭغا قىرىچە، يېنىچە تىگىشلىرى كۆڭلىگە ھەسسىلەپ غەشلىك سىلىپ تۇراتتى. ھەممەيلەننىڭ كەيپى ئوسال بولۇپ، ناتونۇشلار بىر يەرگە سولىنىپ قالغاندەك ھېچكىم ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى.

قادىر تۈنۈگۈن يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلدى ۋە ھەمراگۈلنى تاپالمىغانلىقى ئېيتىپ خوتۇنىدىن ئۇنىڭ دائىم بارىدىغان يەرلىرى بار - يوقلىقىنى سورىدى. ئايىمنىسا ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغاندا سورالغان بۇ سوئالغا ھۆڭرەپ - ھۆڭرەپ بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاش بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن قادىرمۇ ئۇنىڭدىن ھېچنىمە سورىمىدى. ھەر ئىككەيلەن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىيالمىدى. بىراق ئايىمنىسا يوتقان كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھويلىدىكى سۇپىدا يېتىۋالدى. قادىر ئىككىسى ئۆز ئالدىغا خىيال سۈرۈپ، ئۆز دۇنياسىنى تاساقاش بىلەن ھەلەك ئىدى. ئايىمنىسانىڭ كاللىسىدا يەنىلا شۇ ئىشلار، ھەمراگۈل، قۇرساقتىكى بالا، سەمەت، بۇنىڭدىن كېيىن... قادىرنىڭ كاللىسىدا بولسا ھەمراگۈل مۇشۇ يوقالغانچە بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك غايىپ بولسا...

بامداد نامىزىدىن يانغان جامائەتنىڭ ئايىغى بېسىقماي تۇرۇپلا، مەھەللىدە ئېشەك ھارۋىسى يېتىلەپ بىر نەچچەيلەن پەيدا بولدى. بامداد نامىزىدىن يانغان ئاخىرقى بىر نەچچە جامائەت بولسا كېرەك، مۇشۇ مەھەللىلىك ئۈچ - تۆتچە كىشىمۇ ئۇلارغا ئەگەشكەن ئىدى. ئېشەك ھارۋىسى يېتىلەپ پەيدا بولغانلار تۆۋەنكى مەھەللىلىك سىيىت توقماق، ھەسەن قاۋۇز، ئابدۇغىنى چاۋارلار بولۇپ، ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ ئەمدىلا كەينىگە يانغان ئايىمنىسا، بىرى ئىشەك ھارۋىسى يېتىلىۋالغان، قالغان ئىككىسى ھارۋىغا ياندىشىپ مېڭىپ كېلىۋاتقان، بىر قارىسا تونۇشتەك، يەنە بىر قارىسا نا تونۇشتەك ئۈچ ئادەمنىڭ، يەنە بىر مۇنچە مەھەللىداشلىرىنىڭ ئۆزى تەرەپكە ئوپول - توپول كېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆي تەرەپكە سىلجىپ بولغان قەدىمىنى توختاتتى. كېلىۋاتقانلارنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەنسىز چىرايى ۋە ئېغىر قەدەملىرىدىن ئايىمنىسانىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك، شۇررىدە ئېقىپ ئۆتتى. ئۇلار ئايىمنىسانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، سىيىت توقماق يېتىلىۋالغان ئىشەك ھارۋىسى ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە كۆل رەڭلىك يەكتەك يېپىپ قويۇلغان بىر ئادەم ئېنىق كۆرۈندى. ئايىمنىسا ئۇلارنىڭ سالامىغا جاۋاپ سالام قايتۇرۇۋېتىپ، تۇيۇقسىز ھارۋىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىن ساڭگىلاپ قالغان، تونۇشلا ئايالچە ئىشتان كىيىۋالغان، يەكتەكنىڭ پەشلىرى يۆگىيەلمەي ئوچۇق قالغان بىر جۈپ پۇتنى كۆردى. كۆردىيۇ، كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئوقتەك بېرىپ كۆل رەڭ يەكتەكنى شارتتىلا قىلىپ تارتىپ ئېچىۋەتتى. شۇ ھامان چىرايى ۋە بەدىنى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەن ھەم ئىششىپ غەلىتە بولۇپ قالغان، كىيىملىرى ھۆل بولۇپ

بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ تۇرغان، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يۈزلىرىگە چاپلىشىپ قالغان ھەمراگۈلنىڭ بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ، قىمىر قىلماي سوزۇلۇپ ياتقان ھالىتى ئايىمنىسانىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى. ئايىمنىسا قىررىدە چىرقىراپ ئۆزىنى ھارۋا ئۈستىدە ئېپادىسىزلا سوزۇلۇپ ياتقان ھەمراگۈلنىڭ ئۈستىگە ئاتتى ۋە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ھەمراگۈلنىڭ پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ قېتىپ قالغان بولۇپ، ئايىمنىسا ئۇنى قانچە سىلكىشلەپ، تارتقۇشلىسىمۇ قىلچە مىدىرلاي دېمەيتتى. ئۇنىڭ ھازا ئېچىپ يىغلىغان ئاۋازى بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. يىغا ئاۋازىدىن كۆڭلى بىر قىسىما بولغان قېينئانا ئالدىراپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى ۋە بولۇنۇۋاتقان كارامەتنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى. بىر دەمدىلا ئەتراپقا مىرژىدە ئادەم يىغىلدى. ئايىمنىسانىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئەتراپتىكىلەرمۇ ئاندا - ساندا كۆز يېشى قىلىشماقتا ئىدى. قالغانلار ياقىسىنى چىشلەپ، ئالىقنى بىلەن ئېغىزىنى ئەتكەن ھالدا كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياغدۇرۇپ قاراپ تۇرۇشاتتى. قېينئانا ئايىمنىسانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى تارتقۇشلاپ تۇرۇپ تېگىدە قالغان ھەمراگۈلنىڭ جەسىدىدىن نېرى قىلدى ھەم جەسەتكە بىر قاراش بىلەنلا چىرايى تاتىرىپ ئۆڭسۈلى ئۆچتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان شۇ دەقىقىدە، ھەمراگۈلنى ئېلىپ كەلگەنلەر ھارۋىنى دەرۋازا ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ھويلىدىكى سۇپىغا يېقىن ئەكەلدى ۋە خوشنىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەمراگۈلنىڭ جەسىدىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ سۇپىغا ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە ھېلىقى يەكتەكنى يېپىپ قويدى.

ئايىمنىسانىڭ ھازىسى پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالغان ئىدى. قاياقتىندۇر سەمەت پەيدا بولدى. ئۇ ھەمراگۈلنىڭ جەسىدىگە بىردەم ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا لاسسىدە بوشىشىپ جەسەتنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان ئانىسى پېتىنى ئۆزگەرتمەسلىككە تىرىشىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ قورقۇپ كەتكەنلىكى دىرىلدەپ تىترەۋاتقان پۇتلىرىدىن بىلىنىپلا تۇراتتى.

- قەيەردىن تېپىپ كەلدىڭلار؟ - دەپ سورىدۇ ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ چوڭ - چوڭ تىنىپ تۇرغان ئابدۇغىنى چاۋارغا يۈزلىنىپ.

- دەريانىڭ تۆۋەنكى دامبىسىدا، - دېدى ئابدۇغىنى چاۋار ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ -، سۇ ئېقىتىپ كەلگەن لاي - لاتقا، ئەخلەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ توسۇلۇپ قاپتىكەن. ئۈچەيلەن ھەپىلىشىپ مىڭ جاپادا تارتىپ چىقاردۇق. بۈگۈن بۇغدايغا سۇ ئالماقچىدۇق، شۇڭا ئەتىگەندە سۈنى باغلىۋېتەيلى دەپ دامبا بويىغا بارغان. قارىساق كۆلكى سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. باشتا

ئېقىپ كەلگەن لاتا بولسا دەپ دىققەت قىلماپتۇق. كېيىن سىيتاخۇن دامبىغا توسۇق سېلىۋاتقاندا قولىنىڭ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ...

ئاياللار بىردىنلا ئۆكسۈپ - بۇقۇلدىشىپ يىغلىشىپ كەتتى. ھازازۇللۇق قان - قېنىغا سىڭىپ، يۈرىكى قاتقان قېيىنئانىنىڭمۇ كۆزلىرىدە ياش ئەلەڭلىدى.

- تارتىپ چىقىرىپ قارىساق نەپەستىن قېلىپ قېتىپ بوپتىكەن - داۋاملاشتۇردى ئابدۇغىنى چاۋار - قورسىقىغا سۇ توشۇپ قاپتۇ، ئايال كىشى بولغاندىكىن نامەھرەم بولمىسۇن دەپ يېقىن كەلمىدۇق. سۇنى چىقىرىۋەتسەك بولاتتى.

سەمەتنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، قارچۇقىغا ئېسىلىپ قالغان ئىككى تامچە ياش ھازىرلا پەسكە دومىلايدىغاندەك ئەلپاردا تۇرسىمۇ، لىۋىنى چىڭ چىشلەپ ئولتۇراتتى. ھويلىدىكى ئۇپۇر - توپۇرلاردىن ئىسەنكىرەپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ھوجرا ئۆيىدىن چىققان قادىرنىڭ چۇقىسىدىن بۇس چىقتى. ئۇ تۇرغان جايىدا مىخلاپ قويغاندەكلا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئايىمنىسا كىمگىدۇر ئېسىلىۋالغان بولۇپ، يىغىسى ھېچ پەسىيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى:

- ۋاي بىچارە سىڭلىم... ۋاي بىتەلەي سىڭلىم... ئاناڭنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن بولغىيمىدىڭ سىڭلىم... قولى گۈل قىزۋالىدى تۇغقانلار... ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ باقمىغان قىز ئىدى... ۋاي بۇ دەردلەرگە قانداق چىداي... مۇشۇ ئۆيىدىكى قارا يۈزلەر بېشىغا چىقتى ھۇ ھۇ ھۇ ھۇ... ۋاي باغرى قان سىڭلىم... ئارماندا كەتكەن سىڭلىم... تۆھمەتتە كەتكەن سىڭلىم...

- كىم بېشىغا چىقىپتۇ؟ - سەمەتنىڭ بوغۇزىغا كەپلەشكەن يىغىسى بىرلا ۋارقىراش بىلەن بىراقلا ئۆرچتى - ئۆزى ھارامدىن بالا تاپسا، ئېرى بولغان مەن گەپ قىلمىسام بولىدىكەندە؟ شۇنچە نۇمۇسلۇق ئىشنى قىلغاندىن كېيىن يەنە يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەي بارار يېرىگە جۆنىگەندۇ! كالاڭلىز بىلەن گەپ قىلىڭ ئاچا!

ئايىمنىسا تېلىقىپ ئارتۇق گەپ قىلالمىدى. لېكىن ئۇنىڭ دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بار ئىدى.

قادىرنىڭ پۈت - قولىدا جان قالمىدى. ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئايىمنىسانىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن گەپلىرى ۋە سەمەتنىڭ ئېيتقانلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى بولغاي، جايىغىلا يىقىلىپ ھۇشسىدىن كەتتى. بىر نەچچەيلەن ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ، ھوجرا ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. مانا ئەمدى ھويلا رەسمىي تۇردە يىغا مازىرىغا ئايلانغان ئىدى. كىملەرنىڭدۇر خەۋەر

يەتكۈزۈشى بىلەن يېتىپ كەلگەن بارىتاخۇن بىلەن مېھرىگۈلخان دەرۋازىدىنلا يىغلىشىپ ھازا ئېچىشىپ كىردى:

ـ ۋاي بالام... ۋاي ئاي بالام... ۋاي بىچارە بالام... ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي كەتكەن بالام...ئىسست بالام...

ـ غېرىپ بولغان داداڭ كەلدى بالام... ۋاي قۇرغۇيۇم بالام... ئالدىمغا چىقساڭچۇ جېنىم بالام...

ھويلىغا يىغلىشقانلار قايتىدىن يىغا ـ زارىغا ئۆتۈشتى. ئايىمنىسا مېھرىگۈلخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە يەنە ھازا ئاچتى. ئۇ مېھرىگۈلخاننى ھەمراگۈل ياتقان سۇپىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. مېھرىگۈلخان يىغلاپ تۇرۇپ ھەمراگۈلنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان يەكتەكنى ئاچتى ۋە قايتىدىن يىغنى سالدى:

ـ ۋاي قىزىلگۈل بالام... كۆزۈڭنى ئېچىپ ماڭا بىر قارىغىنە جېنىم بالام... داداڭ كەلدى بالام...مىنىڭ چىرايلىق بالام... ساڭا قانمىغانتۇققۇ ئاي بالام...

بارىتاخۇن بۆلەك، مېھرىگۈلخان بۆلەك ھازا ئېچىپ ھەممەيلەننى قايتىدىن يىغلىتىۋەتتى. شۇ تاپتىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرە ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋەتەتتى.

ئايىمنىسا يىغلاپ كېلىپ، مېھرىگۈلخانغا ئېسىلدى ھەمدە قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. بارىتاخۇن قىزىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان يەكتەكنى ئېچىپ، ھەمراگۈلنىڭ مۇزلاپ كۆكىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە يۈزلىرىنى يېقىپ كۆز ياشلىرىنى دەريادەك قويۇۋەتتى. ھويلا ئىچى يىغا ـ زارە كەلكۈنىگە ئايلانغان ئىدى. سەمەتنىڭ ئانىسى ئايال قۇدىسىنى يۆلەشتۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، مېھرىگۈلخان ئۇنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. بىراق شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغىدەك ھالى قالمىغان ئىدى. خوشنىلاردىن ئىككىسى ئۇنى يۆلىۋالدى، ئاڭغىچە سەمەتنىڭ ئانىسى ئايىمنىسانى چاقىرىپ، قادىرغا قاراپ بېقىشقا بۇيرىدى. ئالدىدىن جېق ئىش ئۆتكەن، ئۆلۈم ـ يىتىملارنى جاي ـ جايىدا ئۇزىتىپ پىشىپ كەتكەن خوشنىلار بىرەرسى بۇيرىمىسىمۇ، ئۆزلىكىدىن ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ ماتەملىك لازىمەتلىكلەرنىڭ كويىغا چۈشۈشتى. مەھەللىنىڭ ئىمامى ۋە خاتىپلىرىمۇ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن ئىدى. بارىتاخۇن بىر مۇنچە نەسىھەت ۋە تەسەللىيلەر بىلەن مېيىتنىڭ يېنىدىن يىراقلاشتۇرۇلدى. ھەمراگۈلنىڭكىدەك مۇنداق سەتچىلىك ۋە ئۆلۈۋېلىش ئىشى يېزا تەۋەسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىمۇ ئەزەلدىن يۈز بېرىپ باقمىغان ئىدى.

ئايىمنىسا ھوجرا ئۆيىگە كىرگەندە قادىر تامغا يۆلىنىپ ئېغىر خىياللار بىلەن قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئايىمنىسانى كۆرۈپ ھېچقانداق ئىپادا بىلدۈرمىدى، بىراق كۆزلىرىدىكى چەكسىز ھەسرەتنى ئايالىدىن يوشۇرۇپ قالالمىدى. ئايىمنىساغا ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ياسالمىدەك كۆرۈنۈپ، جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇ قادىردىن ئەھۋال سوراشنى قويۇپ بوسۇغىدىنلا كەينىگە يانغان ئىدى، قادىر ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

- سەمەت قانداقراق؟ - سورىدى قادىر.

- ئۇنىڭ قانداق بولۇشىنى ئەمدى ئويلاۋاتامسىز؟ - ئايىمنىسا ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى. قادىر ئايىمنىسانىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىدىن ئەيمەندى. ئۇ ئايىمنىسانىڭ ئاللىقاچان ھەممىنى بىلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان ئىدى. ئۇ ئىشنىڭ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى، توغاننىڭ يار ئېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقى پەملىدى.

- نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ ئۆزۈڭچىلا...

- ئۆزۈمچىلا ئەمەس قادىر. ئىنسان سەندەك پەس بولىدىغان بولسا، ئانىنىڭ قارنىدىن چۈشمەي ھايۋاندىن تۆرەلسىمۇ، ئىت - مۈشۈكتىن ئۆتە پەس ئورۇندا يا شىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. مېنى ئۇن يىلدىن ئارتۇق باغرىغا تاڭغان ئېرىمنىڭ قارا يۈز، قورقۇمسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. بىراق ئۇنىڭ كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان، بەدنىيەت، ياۋۇز، بۇ قەدەر نومۇسسىز، ئىپلاس بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن. ئىسىت سەن بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم...

ئايىمنىسا يىغىدىن بوغۇلۇپ، گېپىنىڭ داۋامىنى قىلالماي قالدى. قادىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىشىكتىن بوينۇنداپ تاشقارقى ئۆيگە قارىدى ۋە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، ئايىمنىسانىڭ ئالدىغا كەلدى:

- قارىغاندا ھەممىنى بىلىپسەن، سەندىن باشقا يەنە كىملەر بىلىدۇ؟

- ھەممىسى بىلىدۇ، ئاللاھ خالىسا ھەممىسى بىلىدۇ، - دېدى ھەمراگۈل دانىمۇ - دانە قىلىپ سۆزلەپ، - قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭ ئۈچۈن بىر - بىرلەپ ھساپ بېرىسەن تېخى...

- ھازىر كىملەر بىلىدۇ دەۋاتىمەن ساڭا؟ ئەزمەڭنى ئەزمەي گەپ قىل! - قادىر ئايىمنىسانىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.

- ھازىر مەنلا بىلىمەن، ھەمراگۈل بۇ ئىشنى ماڭا دېگىلى ئۇزۇن بولمىدى، - ئايىمنىسا يالغان ئېيتتى، ئەمما نېمىشقا يالغان گەپ قىلغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، - ئەمما ھەممىسى بىلىدۇ.

قىلغان سەت ئىشلىرىڭنى يوشۇرۇپ قالالايمەن دەپ ئويلىما قادىر. چوقۇم ھەممىسى بىلىپ كېتىدۇ...

- نېمە قىلماقچى؟، - قادىر ئايىمنىسانىڭ ياش تاراملاپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، - ئۇبدان ئويلا، بولغۇلۇق بولدى. ھەمراگۈلمۇ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى. ئەمما بىز يەنە ياشىشىمىز كېرەك. بىز ئىككىمىز بالىمىزنى ئويلا، بۇ ئىش سەۋەپلىك تۈرمىگە كىرىپ كەتسەم ئىككى بالىنى ئۆزۈڭ يالغۇز بېقىپ قاتارغا قوشۇپ كېتەلەمسەن؟ ئۇلار مەندىن نەپرەتلەنسە سەن خۇش بولامسەن؟ قانچە يىل ئۆي كىشىسىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەگەر ئۇزۇن يېتىپ كەتسەم سەن قانداق قىلىسەن؟ كالىلاڭنى ئىشلەت ئايىمنىسا، سەن يېتىم قىز ئىدىڭ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن توي قىلىپ، ئائىلە قۇردۇق. مەن تۈرمىگە كىرىپ كەتسەم سەن يەنە مۇشۇ ئۆيدە قالىسەن. ئەگەر ئاجرىشىمەن دېسەڭمۇ بۇ ئۆيدىن باشقا بارار - كېلەر يېرىڭ يوق، سەرسانلىقتا تىنەپ يۈرمەكچىمۇ؟ بولىدىغان ئىش بولدى، ئۆلىدىغان ئادەممۇ ئۆلدى. بۇ ئىشنى ئىككىمىزدىن باشقا بىرەرسى بىلمىگەندىن كېيىن، بىلمەيلا قالسۇن. ھەمراگۈلنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتسەك ئىشلار ئىزىغا چۈشىدۇ. بىز يەنە تۇرمۇشىمىزنى بۇرۇنقىدەك داۋاملاشتۇرىمىز. بۇ ئىشتىن كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. ئەزبىرايى خۇدا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز مۇنداق ئىش بولمايدۇ. سەندىن باشقا ئايال زاتىغا يېقىنلىشىشنى خىيالىمغا كەلتۈرسەم مېنى خۇدا ئۇرسۇن. مېنى ئويلىمىساڭمۇ ئۆزۈڭنى، ئىككى بالىمىزنى ئويلا جېنىم خوتۇن. ئائىلىمىز ۋەيران بولمىسۇن...

قادىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئايىمنىسانىڭ غەزىپى بىر ئاز پەسەيگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. قادىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھۇجۇمنى كۈچەيتىشكە باشلىدى:

- بىلىسەن خوتۇن، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. ھەمراگۈلنىڭ ئىشىدا مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. قەسەم قىلىپ بېرەي، ئەمدى سەندىن باشقا ئاياللارغا قارايدىغان بولسام ياكى نىيىتىمنى بۇزىدىغان بولسام مېنى يەر يۇتسۇن! ھېچكىمگە دېمە ئۇبدان خوتۇن، بالىلىرىمىز يېتىم بولمىسۇن. سەنمۇ يېتىملىكنىڭ دەردىنى تارتىپ باققان، سەن كۆرگەن شۇ كۈنلەرنى بالىلارغا كۆرسىتىشكە كۆڭلۈڭ ئۇنامدۇ؟ ئۆيىمىز بۇزۇلمىسۇن جېنىم خوتۇن، ئەل - مەھەللە ئالدىدا مۇشۇنچىلىك يۈزىمىز تۆكۈلگىنى يېتەر. بۇنىڭدىن ئارتۇق سېسىساق بىزگە ياشاش ھارام بولىدۇ. سەندىن ئۆتۈنەي، مۇشۇ ئىشتا مېنى قوغداپ قالىدىغانلا بولساڭ، بىر ئۆمۈر سىزىقىڭدىن چىقمايمەن.

ئايىمنىسانىڭ كۆزلىرىدىن يەنە مارجاندەك ياشلار تاراملاشقا باشلىدى. ئۇ قانداق قىلىشىنى بىلمەيتتى. گۆدەك ئىككى بالىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يۈرىكى ئۆرتەندى. قادىرنىڭ

ئېيتقانلىرىنىمۇ ئويلاشــماي بولمايتتى. قادىر ئايىمنىســانىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇنى باغرىغا باســتى، ئايىمنىسا بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ قادىرنىڭ مۇرىسىنى قاتتىق چىشلىدى.

ئۆيلەرگە كۆرپە ســېلىۋېتىپمۇ، پەتلەپ كىرىۋاتقانلار بىلەن كۆرۈشــۈۋېتىپمۇ، قېينئانىســىنىڭ ھەر خىل بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىۋېتىپمۇ ئايىمنىســـانىڭ كاللىســـــىدىن شــــۇ بىر خىيال پەقەتلە نېرى بولمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر ياقتا ئىككى بالىســى ۋە ئانچە ئىللىق بولمىســمۇ، ئۆزۈندىن بىرى ياشــاپ كېلىۋاتقان ئائىلىســى، بىر ياقتا ئۇۋۇالچىلىققا ئۇچراپ، چىقىش يولى قالمىغاندا ھاياتىنى نابۇت قىلىش ئارقىلىق بۇ دۇنيا بىلەن خوشــلاشــقان ھەمراگۈل. كەينىگە قارىسا، ئۆزىنىڭ يېتىمچىلىكتە ئۆتكەن تۇرمۇشى...

ئۇنىڭ كاللىســـــى گاراڭ ئىدى. تۇرۇپلا ئۆتمۈشــــتىكى باللىقىنى، يېتىمچىلىكتە ئۆتكەن كۈنلىرى ئەسلەپ قالدى...

ئايىمنىســــــا مەكتەپتە ئوقۇ يالمىدى. ئۇنى ئوقۇتقۇدەك، ئېغىرىنى يېنىكلەك، يوقنى بار قىلىپ بەرگۈدەك دادىسى يوق ئىدى. ئۇ ئىسىنى بىلگەندە ئانىسىدىن دادىسىنى سورىغان، ئانىسى يۈم - يۈم ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

- دادىڭىز ســىز بىر ياشــقا كىرگەندە ھاشــارغا كېتىپ، بېشــىغا ياغاچ چۈشــۈپ ئۆلۈپ كەتكەن. شــۇندىن بېرى دادىســىز قالدىڭىز قىزىم، ھېلىغىچە ئانىڭىزمۇ مەن، دادىڭىزمۇ مەن ئىدىم. بۇندىن كېيىنمۇ ئانىڭىز ھەم دادىڭىز مەن، جېنىم بالام، - دېگەن ئىدى.

شــۇنداق قىلىپ، ئايىمنىســا دادىســىنى كۆرۈپ باقماي چوڭ بولدى. ئانىســى بولســا ئىككى مو يەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كىرىپ، بۇ تەرىپىدىن چىقىپ، كەچكىچە ئېتىز بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان يۇۋاش، مۇلايىم، خىيالچان ئايال ئىدى. شــۇنچە تىرىشــــىپ ئىشــلەيتتىيۇ، شــۇنىڭلىق بىلەنمۇ قورسىقىغا تاپسا ئۇچىسىغا يوق، ئۇچىسىغا تاپسا ئالۋان - سېلىقتىن قۇتۇلالماي، تۇرمۇشى ئىنتايىن غورىگۈل ئۆتەتتى. ئانىســىنىڭ يالغۇزچىلىقى ئاخىرى تەپكۈچ ئويناپ يۈرگەن ئايىمنىســانىمۇ بارا - بارا ئېتىز بېشىغا ئېلىپ چىقتى. قاچانكى ئۇ يېرىم تاغار ئوتنى كۆتۈرگىچىلىك بولغاندا ئانىسىنىڭ بىردىن - بىر ياردەمچىســـى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ باللىقىدا ئىش - ئەمگەكتىن باشــــقا ئىشلار ئاساسەن بولۇپ باقمىغان. مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش تۈگۈل، مەكتەپ دەرۋازىسىدىنمۇ ئاتلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئون بىر ياشقا كىرگەن يىلى ئانىسى كىزىك كېسلى بىلەن قازا قىلدى. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا ئانىســىدىن باشــقا ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق ئىدى. ئانىســى قازا قىلىپ، تۆت ئېغىز ئۆي ۋە بىر ئېغىللىق يوغان ھويلا، ئۈچ دانە ئورۇق پاقلان، ســــەككىز توخۇ، ئىككى مو يەر

ئۇنىڭ بېشىغا ئوڭچە كىيىلىپ قالدى. ئۇنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ شۇنچە ئۆي - ۋاخلار بىلەن قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بېقىۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ قولىدا قالغان مال - مۈلۈك ۋە يەرنى يۆتۈۋېلىش كويىدا بولغانلارمۇ چىقتى. ئەمما ئايىمىنسا ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ يىگىرمە نەزىرسىنى قاچان، قانداق بېرىشنى بىلمەيتتى. بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دېيىش ئۈچۈن كىرگەن خۇدانىڭ مۆمىنى سېلىم بوۋاي، قۇرۇقدالغان توخۇ كاتىكى بىلەن ئېغىلنى كۆردى. قويلار بىلان توخۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكى سورالغاندا، ئايىمىنسا بىر هازا مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن:

- ئۆيدە يالغۇز ياتسام قورقىدىكەنمەن، نەچچە كۈندىن بىرى پەزىلەتخاچامنىڭ بوغدىيىنى ئوتۇشۇپ بەرگەچ، شۇنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ، شۇ ئۆيدە قونۇپ قالغان ئىدىم. كۈندە ئەتىگەن كەچتە كىرىپ، قويلارغا هەلەپ ئېتىپ، توخۇغا دان، سۇ بېرىپ چىقاتتىم. بۈگۈنمۇ تېخى هازىر كىردىم، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، - دېدى.

ئاچچىقتىن ساقاللىرى تىترەپ كەتكەن سېلىم بوۋاي قىزنى بىر - ئىككى ئېغىز جىملىگەن ئىدى، قىز پوتلىسىنى ئېقىتىپ مىشىلداشقا باشلىدى. ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، تىكەندەك يالغۇز قالغان قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغىنىدىن يۈرىكى ئېچىشقان بوۋاي ‹‹بولغۇلۇق بوپتۇ›› دېدى ۋە هويلا دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىپ، قىزنى يېتىلەپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ چىقتى. قىزنى كۆرگەن موماي گۈلدەك كۈلۈپ قارشى ئالدى، بىراق ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ بولغان ئىككى ئوغۇل هەمراگۈلنى بۇ ئۆيگە پاتۇرماسلىقنىڭ قازىنىغا ئوت قالاشقا باشلىدى. كېيىنچە ئايىمىنسانىڭ مىراسلىرىنىڭ ئاچقۇچى بوۋايدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دادىسىنىڭ ‹‹دىتى›› غا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ئايىمىنسانىڭ ئۆيلىرى هەپتە ئارىدا بىرەر قېتىم تازىلىنىپ تۇردى، قالغان چاغلاردا ئۇ سېلىم بوۋاي ۋە خەلچىخان مومايلارنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي، ئانىسىغا يەتكۈزۈپ بولالمىغان باللىقىنى شۇلارغا يەتكۈزۈشكە باشلىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتۈپ، بوۋاي قازا قىلدى. ئوغۇللار مومايىنىڭ يىغلاپ يالۋۇرغانلىرىغا قارىماي، ئايىمىنسانىڭ ئۆي - ۋاخلىرىنى سېتىۋەتتى ۋە پۇلىنى بۆلۈشىۋالدى. ئايىمىنسامۇ ئۆي، زېمىن دېگەنلەرنىڭ قەدرىنى هازىرقىدەك چۈشەنمەيتتى. شۇڭا ‹‹ئاكىلىرىم خالىغان بولسا مەيلى›› دەپ، مومايىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. بىراق، ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ قالمىدى. ‹‹كىچىك ئاكا›› سى ئايىمىنسانىڭ بارغانسىرى تولۇۋاتقان بەدىنىگە، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان جۈپ ئالمىدەك كۆكسىگە، خىجىلچان بېقىپ، هەممىنى لال قىلىدىغان خۇمار كۆزلىرىگە هېرىس بولۇپ قالدى. پۇرسەت تاپسىلا ئايىمىنسانى پايلاپ ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇۋالدى. گۆدەك قىز بۇلارنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ

ئۆيدە نىيتى يامان ئادەم يوق، پەقەت خەلچخان چوڭ ئانىسى، چوڭ - كىچىك ئىككى ئاكىسى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن باللىرىدىن با شقا يەنە ئۆزى بار ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ھازىرقى تۇرمۇ شى ئىنتايىن ياخشى، ئۇ شۇنىڭغا خۇش ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتە ھويلىدا يىگنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرغان ئايىمنىسانى ئىتىزغا كۆكتات ئىلىپ كىلىشكە بۇيرىغان كەنجى ئاكىسى ئۇنىڭ كەينىدىنلا تاپ بىسىپ كەلدى ۋە ئادەم بويىدىن ئىگىز قوناقلىقتا تۇتىۋىلىپ، قىزلىق نومۇسىنى دەپسەندە قىلدى. ئۆيگە چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى يىرتىق، قولى قايرىلىپ ئىششىغان، يۈز - كۆزلىرى ياش يۇقى ھالەتتە كەلگەن ئايىمنسانى كەنجى ئوغۇلنىڭ خوتۇنى رىسالەت ئۇن يايىدىغان نوغۇچ بىلەن راسا ساۋىغاندىن كىيىن، ئۆيدىن قوغلىۋەتتى. كىسەل ئازابىدا ئىگراپ ياتقان مومايىنىڭ كىلىنىگە گىپى ئۆتمىدى. ھامان بىر كۈنى ئۆزلىرى سىتىۋەتكەن ئۆينىڭ دەۋاسىنى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرىدىغان چوڭ ئاكىسى كىچىك كىلىننى تۇتىۋالمىدى ياكى ئايىمنىسانى قوغداپ قالمىدى. كەنجى ئوغۇل ئايىمنىسانى قوناقلىقتىن ئۆيگە يولغا سىلىپ قويغانچە تاكى ئايىمنىسا ئۇستى - بىشى تو پا، چاچلىرى چۇۋۇق، بىشى يىرىلغان ھالدا بۇ مەھەللىدىن يوقالغىچە ئۆزنى كۆرسەتمىدى. ئايىمنىسا شۇ ماڭغانچە ئىتىزمۇ - ئىتىز، قوناقلىقمۇ - قوناقلىق يۈرۈپ، ئاخىرى ئۆزى تونۇمايدىغان كىشىلەر ئارىسىغا، ئەزەلدىن كىلىپ باقمىغان بىر يەرگە كىلىپ قالدى. كىيىن ئىتىز ئارىسىدىكى چىغىر يولدا ھۇشىدىن كىتىپ ياتقان يىرىدىن سەمەتنىڭ ئانىسى تىپىۋىلىپ، ئۆيگە ئىلىپ كەلدى. مانا شۇنىڭدىن بىرى ئۇ ئۆزىدىن ئون بەش ياش چوڭ قادىرنىڭ خوتۇنى بولۇپ ياشاۋاتىدۇ.

ئۇ چاغلار قادىرنىڭ يىڭىلا تۈرمىدىن چىققان ۋاقتى بولۇپ، يىشى بىر يەرگە بىرىپ قالغان ئوغلىغا قىز سوراپ تالاي يەرگە قاتىرىغان، بىراق، «ئادەم چىپىپ تۈرمىدە ياتقان» دىگەن تامغىسى بولغاچقا، ھەممىلا يەردىن نائۈمىد يانغان ئاتا - ئانىغا بۇ ئۆزلىكىدىن كىلىپ قالغان كىلىن خوپ ياقتى. چوڭ ئوغلى مەمەتجاننىڭ قادىرنىڭ بالىسى ياكى نومۇسىغا تەگكەن كەنجى ئاكىسىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

يىتىملىك دەردىدىن بىشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئاز ئەمەس ئىدى. ئەگەر دادىسى بولغىنىدا، ئايىمنىسانىڭ ئانىسى شۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولمايتتى. ھىچبولمىسا، ئانىسى بالدۇرلا كۆز يۇممىغان بولسا، كىيىنكى ئىشلار يۈز بەرمەس، ئايىمنىسامۇ ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىپ، خەقنىڭ ئۆيىدە خارلىنىپ يۈرمەس ئىدى. تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ دىيىشىدۇ. بىراق، ئىنسان بەزىدە يوقاتقانلىرىنى ۋە تۇرمۇشىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانلارنى ئارزۇلاپ قالىدۇ. مۇمكىن بولسۇن، بولمىسۇن بۇ ئىنساننىڭ تەبئىتى.

ئايىمنىسا قادىرنىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇ ـ بىر ئويلىدى. خىيالىدا نەچچە تارازىدىن ئۆتكۈزۈپ، نەچچە سۇدا چايقاپ، ئەڭ ياخشى قارارنى چىقارماقچى بولاتتى. ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالغان ئايىمنىسا ئاخىرى يۈرىكىنى تىڭشاپ تۇرۇپ، ئاخىرقى قارارنى چىقاردى:

ـ قادىر توغرا دەيدۇ، ھەمراگۈل بەربىر ئۆلۈپ بولدى. ئۆلگەن، بۇ دۇنيادىن كەتكەن بىرسىنى دەپ ئائىلەمنى بۇزارمەنمۇ؟ دادىسىز، ئانىسىز نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم؟ كىملەرگە خار بولمىدىم؟ نەلەردە تەلمۈرمىدىم؟ مۇشۇ ئۆيدە، مۇشۇ نومۇسسىز قادىرنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىممۇ شۇ ئاتا ـ ئانىسىزلىقتىن بولىۋاتىدۇغۇ؟ قادىرغۇ راستلا ئەسكى، ئۇنىڭغا ئون قېتىم ئۆلۈم جازاسى بەرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. بىراق ئۇ بالىلىرىمنىڭ دادىسى. بالىلىرىم دادىسىز قالسا، ئۆزۈم كۆرگەن كۈنلەرنى ئۇلارغا كۆرسەتسەم بولمايدۇ. قادىر ھەر قانچە ئەسكى بولسىمۇ ئۆز بالىلىرىنى يامانلاردىن قوغدايدۇ، قوغدىيالايدۇ. مېنى باشقىلارغا بوزەك قىلدۇرمايدۇ. ئائىلەمنى باقىدۇ، بالىلىرىمنىڭ بويىنىنى قىسىلدۇرمايدۇ. ئۇ بولسا مېنىڭمۇ، بالىلىرىمنىڭمۇ كۆڭلى توق، يۈرىكى پۈتۈن بولىدۇ. قادىرنى تۇتۇپ بەرسەم ھەمراگۈل تىرىلىپ قالامتى؟ ئۇ تۈرمىگە كىرىپ كەتسە مەنمۇ تالادا قالىمەن. مەنغۇ مەيلى، بىر ئامال قىلىپ جېنىمنى جان ئېتەرمەن. بىراق بالىلىرىم قانداق قىلىدۇ؟ ياق، قادىرنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن، بالىلىرىمنىڭ دادىسىنى تۇتۇپ بەرسەم بولمايدۇ. قانداق قىلسام قىلىپ قادىرنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن. مېھرىبان... مېھرىباننى ئىزدەي، ئۇلا ئاغزىنى چىڭ تۇتسا بۇ ئىش مەڭگۈ سىر پېتى قالىدۇ. يالۋۇرۇپ بولسىمۇ ئۇنى...

ـ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. كىم ئوقۇسا ئوقۇسۇن، بۇ مېيىت نامىزىنى مەن ئوقۇمايمەن...

ئايىمنىسا ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ھويلىدىن ئاڭلانغان ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىش ئۈچۈن ئۇ قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، ھويلىغا يۈگۈردى.

ـ ناكەسلەرنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولمەنمۇ؟ دىنىمىزدا ئۆز جېنىغا زامىن بولغان، ئۆلىۋالغان ئادەمنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرمەي، يۇيۇپ تاردىماي كۆمۈۋېتىدىغان ئادەت بار. بۇ ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە كېلىپ، قورسىقىدا زىنادىن بولغان نىجاسەتنى بىللە ئېلىپ ئۆلىۋالغان بىر خوتۇن...

ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىدا، جامائەت ئارىسىدا تۇرغان مەھەللە ئىمامى ئاپئاق ئۇزۇن ساقاللىرىنى تىترىتىپ، بوغۇلۇپ تۇرۇپ شۇلارنى دەۋاتاتتى. سەمەتنىڭ دادىسى ئىمامنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى. جامائەت مىژىدە يىغىلغان ھويلىدا قادىر كۆرۈنمەيتتى. بارىتاخۇن بىر ئاز پەسكۈيغا چۈشكەن بولسا كېرەك، سۈپىغا ياندىشىپ تۈۋرۈككە يۆلىنىپ، كۆزلىرىنى يېرىم

يۇمغىنىچە خىتلىداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق ياسىتىلغان كەكە ساقىلى ياش يۇقىدىن نەملەنگەن بولۇپ، بۇرنى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئايىمىنىسا ھەمراگۈلنىڭ مېيىتى قويۇلغان سەمەتلەرنىڭ ھوجرا ئۆيىگە بويۇنداپ قارىدى. ئىشىك يېپىقلىق ئىدى، ئۆي ئىچىدە مېيىتتىن باشقا ئادەم بار - يوقلىقىنى كۆرگىلى بولمىدى.

-خۇدايىم ئىمانىنى بەرمىسە بىكاركەن، - دەيتتى ئىمام ئاخۇنۇم تۆكرۈكلىرىنى چاچرىتىپ، سىلكىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ - كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بولدى، ھايالىق قىز بولدى، ئاتىسىنىڭ تەربىيىسى سىڭدى دەپ يۈرسەك، پوق دەسسەپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۆز بېشىغا چىقسا، بىز بۇ يەردە دىنىمىزغا مۇخالىپ ئىشنى دىنىمىزغا مۇخالىپ يول بىلەن ھەل قىلامدۇق؟

بۇ گەپ چىقىشى بىلەن بارىتاخۇن ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى:

-ئىمام ئاخۇنۇم، ئۇنداق دېمىسىلە، قىزىم ئۇنداق بالا ئەمەس ئىدى. ھايات ۋاقتىدىمۇ تولا قارىغا كەتكەن. تەقدىر پېشانىسى شور كېلىپ بۇ تۆھمەتلەر نېسىپ بولدى، بولمىسا ھەمراگۈل بالام ھەرگىز ئۇنداق ھاياسىز قىزلاردىن ئەمەس. بۇ... بۇ چوقۇم مۇشۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ تاپقان گېپى...

جامائەت ئۆز - ئارا غۇلغۇلا قىلىشقا چۈشتى. كىمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايتتى.

-بارىتاخۇن، بىز بىر مەھەللىنىڭ ئادەملەر، تولا تۇز يېپىشكەن كىشىلەرمىز، - دېدى ئىمام ئاخۇنۇم كۆزلىرىدىن قەھىر ياغدۇرۇپ - بۇنىڭدىن ئارتۇق پاراڭلاشمايلى، مېنىڭمۇ ئىمانىمنى بۇلغاشمىسىلا. ئوقۇمايمەن دېدىممۇ، بۇ مېيىت نامىزىنى مەن ئوقۇمايمەن.

پېشىن نامىزى بىلەن تەڭ مېيىتنى يەرلىككە قويۇۋېتىش پىكرى بىلەن خەۋەر ئەۋەتىلگەن ئىمام ئاخۇنۇم ئالدىراپلا يېتىپ كەلدى ھەمدە ئۆلۈم سەۋەبىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن كالىچى تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئاچچىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى.

-ئەمدى ئىمام ئاخۇنۇم...

-بولدى دادا، ئوقۇمىسا ئوقۇمىسۇن. دىنىمىزدا قانداق بولسا شۇنداق قىلايلى...

سەمەتنىڭ دادىسى بىچارىلەرچە ئىگىلىپ، ئىمام ئاخۇنۇمغا ئېغىز ئېچىشىغا، ئاق شاپاق دوپپا، ئۆزگە چوڭ كېلىپ قالغان قارا يەكتەك كىيىپ، بىلىگە ئاق باغلىۋالغان سەمەت جامائەت ئوتتۇرىسىدا لوڭگىدە پەيدا بولدى ۋە ئىمامنىڭ پىكرىنى قوللىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كېيىملىرىنىمۇ تەڭتۇشلىرى زورلاپ يۈرۈپ كىيگۈزۈپ قويغان بولۇپ، چوڭ كېلىپ قالغانلىقىدىنلا

ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ھەمراگۇل ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇشقىمۇ رازىلىقى يوق ئىدى.

كۆپچىلىك دەررۇ ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، ياقىسىنى چىشلەشتى، كىملەردۇر شۇ يەردىلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. كىملەردۇر كۇسۇرلىشىشقا چۈشتى. بارلىقى ئۇن قايتىدىن ‹‹ۋاي بالام›› نى باشلاپ، ھېقىلاپ كەتكەن ئىدى.

ـ خۇدايىم توۋا، بەندىلەر... ئاللاھنىڭ كۆزى كۆرۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ بىر بىچارە بالىغا گۇناھ ئارتىپ، زىناخور قىلىپ قويىسۇنۇ، تۆھمەتكە چىدىيالماي ئۆلۈۋالسا يەنە نامازسىز يەرلىككە قويىمىدىكەن... كۆردۇڭلارمۇ جامائەت... ۋاي بالام... جېنىم بالام... كۆزى ئوچۇق كەتكەن بالام...

مېھرىگۇلخان دەريادەك ياش ئاققۇزۇپ، قايسىدۇر بىر ئايال قوشنىسىغا ئېسىلدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى دالان ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ دېگەن بولسىمۇ، ئىمام ئاخۇنۇم ئېنىق ئاڭلىغان ئىدى.

ـ كىمگە گۇناھ ئارتىپتۇ مېھرىگۇلخاچا؟ ھارامدىن بالا تاپقانلىقىنى يالغان دېمەكچىمۇ سىلى؟ راست دەيلا، خۇدايىم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ...

سەمەت گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئاڭغىچە مەھەللىلىك ياشلار ئۇنى تارتىپ قادىرلارنىڭ ھوجرىسىغا ئەكىرىپ كېتىشتى.

ـ ئوقۇمىسۇن دېدىمۇ، ھە؟ مەن ئوقۇمايمەن دېدىم، كىم ئوقۇسا ئوقۇسۇن! ئۇنداق دوۋزىخىلارنى تۇپراقمۇ قوينىغا ئالمايدۇ. نائەھلىلەرنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولغۇم يوق. ئىشقىلىپ مەن ئوقۇمايمەن، لەنەت ئۇنداق پاسىقلارغا...

ئىمام ئاخۇنۇم شۇنداق دەپ يەرگە بىرنى تۈكۈرگەچ ئىچىدىن كېيىن، قولنى كەينىگە تۇتۇپ، يەكتەكنىڭ پەشلىرىنى پولاڭلاتقىنىچە دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ يۈز ـ ئابرويى كەنت بويىچە سىكرىتار، كەنت باشلىقىدىنمۇ يۇقىرى ئىدى. ئىمام ئاخۇنۇم بۇ مېيىت نامىزىنى ئوقۇمىسا، باشقا ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرالاپ تۇرۇپ بۇ نامازنى ئوقۇشقا پېتىنالمايتتى. دېمەك، ئاخۇنۇم ئوقۇمايمەن دېسە ھەمراگۇلنى بىنامز يەرلىككە قويۇشقا توغرا كېلەتتى.

ئايىمنىسانىڭ ئەتراپىدىكى ئاياللار ‹‹توۋا›› دېيىشىپ ئاغزىنى تۇتۇشتى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئاخىرقى گېپى ئايىمنىسانىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ، يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۆتتى. ئۇ ئەمدى پەقەتلا

چىدىماي قالغان ئىدى. كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈشكە تەييار تۇرغان ياشلار ئىمامنىڭ شۇ گېپى بىلەن بىراقلا دەۋرەپ كەتتى.

- توختىسىلا ئىمام ئاخۇنۇم... كەتمىسىلە... - ئۇ پاكىزە يىغلىغىنىچە ئىمامنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى - بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ باقسىلا...

ئىمام دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ بولغان پۇتىنى تارتىۋېلىپ، كەينىگە بۇرۇلدى.

- ئۇ گۇناھسىز... ئاخۇنۇم، توختاپ تۇرسىلا! ھەمراگۈلنىڭ گۇناھى يوق... ئۇ... ئۇنىڭ قۇرسىدىكى بالا...- ھەممەيلەن نەزەرىنى ئايىمنىساغا ئاغدۇردى. ئۇ قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈپ ئاخۇنۇمنىڭ پەشىگە ئېسىلىپ تۇراتتى - ئۇ ناھەق كەتتى خالايىق... ئۇ بىر بىچارە، ئاجىز... ئۇنى قارا يۈزلەر قارا يۈز قىلدى. ئۇبدان جامائەت، بىر گۇناھسىز مەزلۇم خۇدانىڭ دەرگاھىغا بىناماز كەتمىسۇن ...

- ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆزلەڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ ئالدىرىماي سۆزلەڭ...

كۆپچىلىك ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزالمىدى.

- ياق، ئاخۇنۇم كەتسە بولمايدۇ... خوش بولاي جامائەت، گېپىمنى بىر تىڭشاپ بېقىڭلار...

ئايىمنىسانىڭ يىغا ئارىلاش ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېنىق ئۇقماق تەس ئىدى. بىراق، ئۇ ھەر قانچە قىلسىمۇ يىغىدىن ئۆزىنى تۇتالمىدى.

- قادىر... قا... قادىر ئۇ...

ئايىمنىسا ھىقىلداپ گەپ قىلالمىغانسىرى ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىغا قىزىقىپ ئالدىرىشاتتى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى قۇلاققا ئايلانغان بولۇپ، ئايىمنىسانىڭ ئاغزى مىدىرلىغان ھامان ئىچىدىن چىققاننى ئۇقۇۋېلىشقا تىرىشقاندەك، تىكىلىپلا تۇراتتى.

- ھەمراگۈلنىڭ گۇناھى يوق... ئۇ خورلۇققا ئۇچرىغان... ماڭا ئىشىنىڭلار، بۇ راست. نامىزىنى چۈشۈرمىسەڭلار بولمايدۇ...

ئاياللار ئايىمنىسانى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، كىسىملىرىدىكى توپىنى قاقتى، ئاندىن سۇپىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇشتى. سۇ ئىچىپ بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغان ئايىمنىسا ئەرلەر ئارىسىدىن كىمدۇر بىرسىنى ئىزدەپ بويۇنداشقا باشلىدى. كۆپچىلىك ھېلىمۇ ئۇنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ، تاقىتى تاق بولغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى مېھرىبانىنىڭ ئاكىسى ئەيساغا چۈشۈش بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ،

ئۇنى چاقرىپ شـــەرەتلىگەچ شـــۇ تەرەپكە ســـىلجىدى. ئەيســـا جامائەت توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئايمىنىسانىڭ ئالدىغا كەلدى. ئايمىنىسا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى:

ـ جېنىم ئۇكام، بۇ ئۆيدىكىلەر ماڭا ئىشـــەنمەيدۇ. ســـىز بىرىپ مېھرىبانغا خەۋەر قىلىڭ، ئۇ كەلسۇن. دوستىنىڭ تۇگەپ كەتكەنلىكىنى دېسىڭىز ئۇ چوقۇم كېلىدۇ... ھەمراگۈل ئۇچۇن لىللا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان پەقەت مېھرىبانلا بار. بىچارىنى نامازســـىز كۆمۈپ قويمايلى، بولمىســـا ئاللاھنىڭ ئالدىدا مېھرىبان ئىككىمىزمۇ گۇناھكار بولىمىز... خوش بولاي جېنىم ئۇكام، بېرىپ ئۇنى چاقرىپ كېلىڭ...

ئايمىنىسا شۇلارنى دەپلا يەنە بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەيسا نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكىلەرگە قارىدى. ئۇلارمۇ ئەيســـاغا <<شـــۇنداق قىل>> دېگەندەك باش لىڭشىتىشتى. ئەيسا جامائەت ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

ـ ھەر ئىش بولسا بىز ئاڭلايلى ئايمىنىساخان، مېھرىبانخان كەلسىمۇ ئۇقمىز شۇ گەپنى، سىلى دېسىلىمۇ ئۇقمىز شۇ گەپنى. بۇ ئۆيدىكىلەر ئە شەنمىگۈدەك نېمە گەپ بار ئىدى ئاردا؟ ئادەمنى جىددىيلەشتۈرمەي تىزراق بىر نېمە دېسلە ئۇكام.

ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ تاقىتى قالمىغان ئىدى، باشـــقىلارمۇ بىر ئېغىزدىن گەپ قىســـتۇرغان بولدى. ئايمىنىسا قېيىنئانىسىغا ئەيمىنىپقىنا قارىدى. سەمەت ئايمىنىسالارنىڭ ھوجرىسىدىن تېخى چىقمىغان ئىدى. ھويلىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن، پەقەت بارىتاخۇنلا دالان تۆۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەپ ئىســـەدەۋاتاتتى. ئۇ بايىدىن بىرى بولغان ئىشـــلارنى بىلمىگەن، كۆرمىگەندەك، بىر خىلدا ئولتۇراتتى. نە ئايمىنىســـانىڭ دېمەكچى بولغانلىرىغا قىزىقمايتتى، نە يېنىدىكىلەرنىڭ تەسەللىيلىسىگە قۇلاق سالمايتتى.

ـ بۇ ئىشـــنى ھەمراگۇل مېھرىبانغا ئېيتىپ بېرىۋاتقاندا ئىشـــىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلاپ قالغان ئىدىم، ـ دېدى ئايمىنىســـا بۇرنىنى تارتىپ مىجىلداپ ئولتۇرۇپ ـ ئۇنىڭ دېيىشـــىچە، قادىر ھەمراگۇلنى قورقۇتۇپ، ئۇنىمىسا ئۇرۇپ، كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ يەرگە تاشلاپ، زورلۇق بىلەن نومۇسىغا تېگىپتۇ. كېيىن بۇ ئىشـــنى خەققە دېيســـەڭ ســـەمەتنى ئۆلتۈرۈپ بوســـۇغىغا كۆمۈۋېتىمەن، دەپ قورقۇتۇپتۇ. ئانىســـىنىڭ تۇپراق بېشـــىدا ئايلىنىپ كېتىشـــىگىمۇ شـــۇ ئىشـــلار ســـەۋەپچىكەن... دوختۇرنىڭ ســـەمەتكە قويغان دىئاگنوزى توغرا بولســـا، ھەمراگۇلنىڭ قۇرســـىقىدىكى بالا قادىرنىڭ ئوخشايدۇ.

ـ ۋاي بـالام... ۋاي مېنىـڭ جېنىم بـالام... بـالامنى تۆلەپ بېرىش نـائەھلىلەر... ھو جوھوتلار... قېنى قادىر دېگەن مەلئۇن...

مېھرىگۈلخان ۋارقىراپ يىغلاپ، ئاياللار ئارىسىدا پەيدا بولدى. بارىتاخۇن ھۆڭرەپ يىغلىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ جامائەت توپى ئىچىگە كىردى ۋە ئەر قۇدىسـىغا روبىرو تۇرۇپ، تىترەپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

ـ دېمىسلە مەتتۇرسۇن ئاخۇن، بىزنىڭ بالا تەربىيە كۆرمىگەن، تەتۈر پېشانە، شۇمبۇيا ئەمەسمىدى؟ سىلىنىڭ بالا ئالتۇنغا تېگىشتۇسىز بالا ئىدىغۇ؟ قىزىمنى تۆلەپ بەرسىلا، ئارتۇق گېپىم يوق، مېنىڭ قىزىمنى تۆلەپ بەرسىلە. بىچارە بالامنى ھەر قايسىلىرى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ بولۇشتىلا قىزىمنى تۆلەپ بەرسىلە! قايسى گۇناھىغا شۇنچە خورلۇق تارتىدۇ؟ قايسى قىلغىنىغا مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈسىلەر قىزىمنى؟...ھۇ ھۇ ھۇ...

مېھرىگۈلخاننىڭ ئاللا ـ توۋىسى بىلەن ئاياللار يىغىنى قايتىدىن سالدى. ئىمام ئاخۇنۇم يۈرىكىنى قاماللاپ كەينىگە دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. بارىتاخۇن ئۆزىنى تۇتالماي ئەر قۇدىسـىنىڭ ياقىسـىغا ئېسىلدى:

ـ گەپ قىلسىلا دەيمەن، قىزىمنى تۆلەپ بەرسىلە، قېنى شۇ قادىر دېگەن ئىتنىڭ بالىسى، بۈگۈن جانغا جان ئالمايدىغان بولسام...

جامائەت ئۆرە ـ تۆپە بولۇشـۇپ ئارىغا چۈشـۈشـتى، بىراق بارىتاخۇننىڭ قوللىرىنى مەتتۇرسـۇن ئاخۇندىن ئاجرىتىش تەسـكە توختايدىغاندەك قىلاتتى. ھويلىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئايىمنىسـانىڭ ھوجرىسـىدىن ئالدىراپ چىققان سـەمەت نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقارمايلا كېلىپ بارىتاخۇننىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى:

ـ نېمە قىلىۋاتىسەن قېرى؟ قولۇڭنى تارت! دادامغا چېقىلىپ باقە قېنى قانداق قىلىدىكەنمەن!...

جامائەت ئارىسـىدا غۇلغۇلا ۋە سـالا ـ سـۈلھىلەر قوزغالدى. بەزىلىرى سـەمەتكە ئېسـىلسـا، يەنە بەزىلىرى بارىتاخۇننىڭ قوللىرىنى تۇتىۋالغان ئىدى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ئىمام ئاخۇنۇم ئارىغا چۈشتى:

ـ توختاڭلار جامائەت! ھەر گەپ بولسـا ئاۋۋال ئايدىڭلاشـتۇرىۋالايلى! يۈز كېتىدىغان ئىش بۇ، ئۇۋال بولۇپ قالمىسـۇن، ئاۋۋال ئېنىق ئۇقايلى، ـ ئىمام ئاخۇنۇم جاراڭلىق بوم ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ شـۇنداق دېۋىدى، ھەممەيلەن جىمىدى. ئاندىن ئۇ سـەمەتنىڭ بارىتاخۇنغا ئېسـىلىپ

تۇرغان قولنى بوشاتتى ـ سەمىتاخۇن، سىز ئۆيگە كىرىپ تۇرۇڭ بالام. بىز يەڭگىڭىز بىلەن پاراڭلىشىۋالمىساق بولمايدۇ. ئىش ئايدىڭلىشىپ بولغىچە سىز ئارىلاشماي تۇرۇڭ. كېيىن جىددىلەشىسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز، قېينئاتىڭىز بولغان ئادەمگە مۇنداق مۇئامىلە قىلغىنىڭىز بولماي قالدى.

ئىمام ئاخۇنۇم جامائەت ئارىسىدىكى بىر ياش بالىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ يېنىدىكى يەنە بىرەيلەننى شەرەتلەپ، ئىككىسى سەمەتنى ئايىمىنىسانىڭ ھوجرىسىغا ئەكىرىپ كېتىشتى. ئىمام جامائەتنىڭ بېسىققىنىنى كۆرۈپ، ئايىمىنساغا يۈزلەندى:

ـ خاتالىشىپ قالمىسىلا ئۇكام. ئۆچ ـ ئاداۋەت تۇپەيلى قادىراخۇنغا گۇناھ ئارتىپ قويماقچى بولسىلا بۇنىمۇ ئۆز يولىدا ھەل قىلغۇلۇق، ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ بۇ ئۆلۈم ئىشىغا چاتمىسىلا. ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇراڭلاردىكى ئىش بىلەن مېيىتنىڭ...

ـ ئۇنداق ئەمەس ئاخۇنۇم، ـ دېدى ئايىمىنسا جىددىيلىشىپ ـ خۇدايىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ گېپىمنى بىر ئاڭلاپ بېقىڭلار. ھېلى مېھرىبانخان كەلسە شۇنىڭدىن بىلسەڭلارمۇ بولىدۇ. مەن يالغان گەپ قىلمىدىم... ھەمراگۈلنى قادىر بوزەك قىلىپ قورسىقىدا قېلىشىغا سەۋەپ بولدى. ئەگەر سەمىتاخۇن ئۇكامنىڭ بالىلىق بولالمايدىغانلىقى راست بولسىلا بۇ بالا قادىرنىڭ. مەن خوتۇنى تۇرۇپ قادىرغا ئۇۋال قىلارمەنمۇ؟ ئىككى بالامنىڭ نامىدىن قەسەم قىلاي، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست! قادىر ھەمراگۈلنى بوزەك قىلىپ... شۇ بېشىغا چىقمىغان بولسا ئۆز جېنىغا زۇلۇم سالىدىغان قىز ئەمەستى... بىچارە خورلۇققا چىدىمىدى... نومۇسقا چىدىمىدى...

ئايىمىنسا گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي يەنە يىغلاپ كەتتى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ چىرايلىق ياسىتىۋالغان، ئاق ئارىلاشقا باشلىغان كەكە ساقلى سۇس تىترەپ، كۆزلىرىگە ياش ئەگەگەن ئىدى.

ـ يا رەببىم! قۇدرەتلىك ئىگەم! مۇشۇنداقمۇ بەندىلەر بولىدىكەنغۇ ھە؟! توۋا! نېمە ئاڭلاۋاتىمەن مەن...

ـ گۈلدەك قىز بالا ئىدى...

ـ توۋا...

ـ ئىنىسىنىڭ خوتۇنى تۇرسا ئۇ..

- قارا يۈز ئادەم دېگەننىغۇ بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ...

- بىچارىگە ئۇۋال...

يىغلىغانلار ئۆز - ئارا مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى.

- ئا...

ئىمامنىڭ زارلىنىشلىرى ۋە جامائەتنىڭ قۇلاق ياقتى گەپلىرى تۈگمەي تۇرۇپلا ئايىمنىسانىڭ هوجرىسىدىن سەمەتنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئىشىك قاتتىق تېپىپ مۇشتلىنىشقا، ئىتتىرىلىشكە باشلىدى. ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ سەمەتكە تەسەللىي بېرىپ، ۋارقىراپ دېگۈدەك ئېيتقان << بولدى، ئۆزۈڭنى تۇتىۋال، ئاچچىقىڭغا هاي بەر>> دېگەندەك گەپلىرى تاراق - تۇرۇقلار ئىچىدىن ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مېھرىگۈلخان ئاۋالقىدەكلا قوشاق قېتىپ يىغلىغىنى يىغلىغان ئىدى. بارىتاخۇن ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، نېمە دېگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئاغزىنىڭ مىدىرلاۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى. توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى ۋە شۇ تاپتىكى تۇرقىغا قارىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى. ئاياللارنىڭ يىغىسى بىر ئاز پەسلىگەن، لېكىن گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلار سەل ئەدەپ قالغان ئىدى. سەمەتنىڭ دادىسى يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ئۆكسۈپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز دالان ئۆيدىن ئاياللارنىڭ قىيا - چىيالىرى ئاڭلىنىپ، كىملەردۇر سەمەتنىڭ ئانىسىنى چاقىرىشقا باشلىدى. ئايىمنىسا ئەندىكتى، ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ دالان ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە، قېيىنئانىسى يەردە، ياشتا چوڭ بىر خوشنا ئايالنىڭ قۇچىقىدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئايىمنىسا قېيىنئانىسىنىڭ يېنىغا بارمىدى. ئەگەر شۇ تاپتا يېنىغا بېرىپ ئەھۋال سورىسا، يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان بۇ ئايال شۇ ھامان قانخور ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، ئايىمنىسانى دەم تارتىپ كېتىدىغاندەك، كالا دېۋىگە ئۆزگىرىپ، ئۇنى چايناپ پۇرقۇۋېتىدىغاندەك، ۋە ياكى ئورنىدىن تۇرۇپلا ئايىمنىسانى سۆرەپ ئورۇپ كېتىدىغاندەك بىر ئەندىشە بىلەن قېيىنئانىسىغا يېقىنلىشالمىدى. يۈرىكىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى ئۆرتىنىپ، ئۆزىنى ئۇلۇغ بىر ئوتنىڭ ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىۋاتقان ئايىمنىسا، شۇ تاپتا قانداق قىلىشنى زادىلا بىلمەيتتى.

ھويلىدىن ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

- قادىر قېنى؟

- بىر نەچچەيلەننى باشلاپ گۆر كولىغىلى كەتكەن، تېخى بايىراقتا ماڭدى.

كىمدۇر بىرەيلەن شۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى.

ـ مەرھۇمەنى يۆتكەڭلار! بارىتاخۇننىڭ ئۆيىدىن چىقىرىمىز. بۈگۈن پېشـــىنگە ئۇلگۈرمەيدۇ، ئەتە بامدادقا...

كېيىن نېمە ئىشـلارنىڭ بولغانلىقىنى ئايىمنىسـا بىلمىدى. ئىشـقىلىپ بىرەملىك تاراق ـ تۇرۇق، ئۇپۇر ـ توپۇرلاردىن كېيىن، ھويلىدا قېيىنئانىسى، قېيىنئاتىسى، ئۆزى ۋە ھوجرا ئۆيىدىكى سەمەتلا قالغان ئىدى. ئايىمنىسـانىڭ باشـقىسـىنى ئويلاشـقا تاقىتى قالمىدى. ئەگەر قادىر پەيدا بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ باش ـ ئاخىرىدىن خەۋەر تاپقۇچە مېھرىبان كەلمەيدىغان بولسا، بىر مەيدان تاياقنىڭ قۇربانى بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئەمما، مېھرىبان تېخىچە كەلمىدى. ســەمەتمۇ ئۆي ئىچىدە، بىردەم ۋارقىراپ يىغلاپ، ســاراڭلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ زۇۋانى ئۆچتى، ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەڭ يامىنى، ئەمدى سەمەتنىڭ يۈزىگە ئوچۇق قارىغىلى بولمايدۇ. نى ئات، نى نومۇس !؟

ئايىمنىسا سەگەكلەشتى، ئۇ سۇپىدا جانسىز ئىنجىقلاپ ياتقان قېيىنئانىسىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، دەرۋازا تەرەپكە سىلجىدى. نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، كەينىگە قاراپ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلمىغـانلىقىنى بىلـدى ۋە دادىـل قەدەملەر بىلەن دەرۋازىــدىن چىقىــپ، بارىتاخۇنلارنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى.

گۆر كولىغۇچىلار بىلەن بىللە كەتمىنىنى مۈرىســـىگە ســـېلىپ قايتىپ كەلگەن قادىر ھويلىدىكى قۇرۇقچىلىقنى كۆرۈپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ســۇپىدا پۇشــۇلداپ تىنىپ، چىرايى ئۆمســـلە ئولتۇرغان ئانىســى ۋە چۆلدەرەپ قالغان ھويلىغا قاراپ ئىشــتىن چاتاق چىققانلىقىنى پەملىدى. ئۇ ئالدىرىماي كېلىپ، قولىدىكى كەتمەننى ســۇپىنىڭ يېنىدا قويدى، ئاندىن ئۆي ئىچىگە بويۇنداپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئانىسىدىن سورىدى:

ـ باشقىلار قېنى؟ نامازنى قاچان چۈشۈرىدىغان بولدۇق؟

مومايىنىڭ چىرايى دەقىقە ئىچىدە ئۆزگىرىپ غەزەپلىك تۈس ئالدى. ئۇ چاقىقانلىق بىلەن يەرگە ئېڭىشىپ، يەردىن بىر ئۇچۇم توپىنى تاتىلاپ دېگۈدەك ئالدى ۋە قادىرنىڭ يۈزىگە ئاتتى:

ـ قايســى يۈزۈڭ بىلەن ســوراۋاتىســەن ھۇ بېشــىنى يەيدىغان دەيۈز! ئادەم دەپ باققان ئىدىمغۇ سېنى؟! ئىست ساڭا بەرگەن سۈتۈم! يوقال شەرمەندە ھەزىلەك! ھۇ ھۇ ھۇ...

قادىر ئانىسى ئاتقان توپىدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. ئەدناسى ئۇنىڭدا شۇنچىلىك ھۇش ـ كاللا قالمىغان ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ھەيران بولدى ھەم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. موماي قادىرنى ئۇرۇپ، ئىتتىرىپ دېگۈدەك چالۋاقىدى ھەم بولۇشىغا تىللاشقا باشلىدى:

ـ نومۇس قىلماي ئىنىڭنىڭ خوتۇنىغا ئېسىلىپ يۈرۈپسەنغۇ توڭگۇز! ھارامدىنغۇ تاپمىغانتىم سېنى، كىمنى دورىغان بولغىيدىڭ زاتىنى ئۇنتۇغان پەس ھايۋان...

قادىرنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە ئايمىنىسا كەلدى.

ـ ئۇ دەپتۇ ـ دە، ـ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ـ خەپ ئايمىنىسا، شۇنچە قىلغان گەپلىرىم قۇلىقىڭغا كىرمەپتۇ. قاراپ تۇر، بۇرنۇڭدىن بۇلاق چىقارمايدىغان بولسام. مېنى يامان كۆڭگە قويساڭ، ساڭمۇ ياخشى كۈن يوق. يىتىمەك دەپ بېشىڭنى سىلىسام ماڭا قىلغىنىڭ شۇ بولدىمۇ ئەمدى!؟ بۇ ئىشنى يايمىغان بولساڭ ئوبدان بولاتتى، ئەمدى مەندىن يامانلىما! ئالدىرىماي تۇر...

ئۇنىڭ خىيالىنى موماي بىلمەيتتى.

ـ ھۇ نائەھلى، ئىنسان بالىسىمۇ سەندەك بولامدۇ؟! ئەل ـ مەھەللىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ئەمدى؟ ئۆلسەڭ بولامدۇ جوھوت!...

موماي شۇنداق دەپ تىللىغان پېتى كېلىپ قادىرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. قادىر ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەينىگە داجىدى، بىراق موماي سۆرۈلۈشۈپ، ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەرمىدى. جان ئاچچىقىغا پايلىمىغان قادىر مومايىنى بىر سىلكىپلا يەرگە يىقىتۇۋەتتى، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھوجرىسى تەرەپكە ماڭدى. مومايىنىڭ تۈكۈلۈپ يىغلاپ، قارغاشلىرى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى.

قادىر ھوجرىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۆيىنىڭ قۇلۇپلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. جامائەت ھەمراگۇلنىڭ مېيىتىنى باردىتاخۇنلارنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سەمەتكە ھەمراھ بولۇپ قالغان ئىككەيلەنمۇ ئۇنى مۇشۇ ھوجرا ئۆيىگە سولاپ، ئىشىكنى دائىملا قاغا تۇمشۇقتا ئىلغىلىق تۇرىدىغان قارا چوڭ قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلاپ قويغان، ئاندىن جامائەت قاتارىدىن قالما سلىق ئۈچۈن باردىتاخۇنلارنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ئىدى. قادىر ئەجەبىسىنىپ قالدى، ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدىغان بۇ ئىشىك بۈگۈن تۇيۇقسىزلا قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. يەنە كېلىپ، ھويلىدا ئانىسى بار ئەھۋالدا. ئىشىككە سېلىنغان قۇلۇپ ئادەتتە ئۆيدىكىلەر ئائىلە بويىچە بىرەر يەرگە كېتىپ قالمىسا ئىشلىتىلمەي قاغا تۇمشۇقتا ئىلغىلىق پېتى تۇراتتى. لېكىن بۇ قېتىم...

ـ ئىسسىت خۇدايىم، مېنىڭلا جېنىمنى ئالساڭ بولمامدۇ ئىگەم!؟ مۇشۇ نائەھلىنىمۇ ئازلاپ ـ ئامانلاپ بېقىپتىمەنغۇ تۇۋا! خۇدايىم ئۇرغان تۈزكور بىر نېمە بوپتۇ بۇ ئىت نەسلى... ئىسست ساڭا بەرگەن سۈتۈم... ھۇ ھۇ...

موماينىڭ تۈگمەس تاپا ـ تەنىسى ۋە يىغىسى قادىرنىڭ ئۇزاق ئويلىشىغا ئىمكان بەرمىدى. ئۇ بىزارلىق بىلەن ئاندىسىغا ئالىيىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى چىقاردى ۋە شاراقلىتىپ تۇرۇپ بىر تال ئاچقۇچنى ئايرىپ قولۇپقا سالدى.

قاغا تۇمشۇق كەينىگە قايرىلىپ، ئىشىك ئېچىلدى شى بىلەنلا ئىچىدىن يوچۇنلا بىر قول قادىرنىڭ ياقىسىدىن تۇتقان پېتى ئىچىگە تارتىپ ئەكىرىپ كەتتى. ئاندىن ئىشىك جاققىدە يېپىلدى. قادىر نە قارشىلىق قىلىشقا، نە نېمە ئىش بولغانلىقى بىلىشكە، نە كەينىگە چېكىنىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان موماينىڭ جان ـ پېنى چىقتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يىقىلغان يېرىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە پۈتۈن ھويلىنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

ـ ۋاي ئادەم بارمۇ؟ ياردەم قىلىڭلار! ئادەم ئۆلىدىغان بولدى!... ئادەم بارمۇ؟! قۇتقۇزۇڭلار! تېز كېلىڭلار! ... ۋاي داد! ئادەم ئۆلدى!... جېنىم بالام، ئىشكنى ئاچ ئوبدان بالام! ئۇ سېنىڭ ئاكاڭ، قاراملىق قىلمىغىن بالام. سەندىن خۇش بولاي! خۇدايىم ئۆزۈڭ ئاسان قىل!... ئادەم بارمۇ؟ بالام ئۆلىدىغان بولدى... قۇتقۇزۇڭلار...

موماي شۇلارنى دەپ ۋارقىرىغان پېتى بىرىپ ئىشىكنى ئىتتىرىپ، مۇشتلاپ ئۇرۇپ كەتتى. ئىچىدىكى قىسقىلا ئاڭلانغان تاراق ـ تۇرۇقلارنى موماينىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتتى. ئىشىك ئىچىدىن تاقىۋېلىنغان ئىدى. موماي ئىشىك بىلەن بىردەم ھەپىلەشكەندىن كېيىن، ئاچالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، ئاندىن پايپاسلاپ يۈگۈرگەن پېتى كوچىغا چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ئىدى:

ـ ئادەم ئۆلدى خالايىق! تېز كېلىپ ياردەم قىلىڭلار!...

ئۇ ئالاھەزەل ئىككى ـ ئۈچ مىنۇتچە ئاشۇنداق ۋارقىراپ كوچىنى بېشىغا كىيدى. موماينىڭ يىغلاپ ۋارقىرىشى بىلەن كوچىدا بىر نەچچەيلەن پەيدا بولۇشتى. ئۇلار مومايغا ئەگىشىپ ئوپۇل ـ توپۇل ھويلىغا كىرىشتى. ئىشىك تېخىچە ئېتىك تۇراتتى. موماينىڭ تەلۋىي بىلەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر ئىشىكنى ئىتتىرىپ باقتى، لېكىن ئېچىلمىدى. موماي تېخىمۇ يىغلاپ پۇچۇلىنىشقا باشلىۋىدى، تەمبەل كەلگەن يا شىراق بىر يىگىت كەينىگە داجىپ تۇرۇپ ئىشىكنى قاتتىق تەپتى، ئىشىك يەنىلا ئېچىلمىدى. ئىككىنچى قېتىم كۈچەپ تەپكەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. شۇ

ئۇ سۇلدا بىر نەچچە قېتىم تەپكەندىن كېيىن ئىشىك ئىچىدىكى قاغا تۇمشۇقىدىن ئاجراپ ئېچىلىپ كەتتى. تېزلىك بىلەن ئۆزىنى ئۆي ئىچىگە ئاتقان موماي چىررىدە چىرقىراپ، ئارقىدىن قاپاقتىن تۆكۈلگەن سۇدەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوغلى قادىر قانغا مىلەنگەن پېتى دۈم ياتاتتى. سەمەت بولسا سېپىغىچە قانغا بويالغان كىچىك پالتىنى تۇتقان ھالدا تامغا يۆلىنىپ قېتىپ قالغان ئىدى. قادىرنىڭ پۇت - قولى مىدىرلاپ تۇراتتى. دېمەك، ئۇ ھايات ئىدى. سەمەتنىڭ كىيىملىرى قان بىلەن بۇلغانغان بولۇپ، ئۆي ئىچىگە قاڭسىق قان ھىدى تارالغان ئىدى. مومايغا ئەگىشىپ كىرگەنلەر كۆتۈر - كۆتۈر دېيىشىپ قادىرنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى. مىدىرلاتقاندىكى ئاغرىق جېنىدىن ئۆتتىمۇ، قادىر ۋايجانلاپ ئىڭراشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن يەنىلا قان ئېقىۋاتاتتى. ئاختۇرۇپ قارىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قورسىقىغا ۋە ئوڭ مۈرىسىگە پالتا ئۇرۇلغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇچىسىدىكى قارا رەڭلىك كالتە چاپان سۇغا چىلاپ ئېلىپ كېيدۈرۈپ قويغاندەك ھۆل بولۇپ، پۈتۈنلەي قان بولۇپ كەتكەن ئىدى. قان يۇقۇشقان چىرايى تاتىرىپ گۆردىن ئېچىۋالغاندەك بولۇپ كەتكەن، نەپەسى يېتىشمەي ھاسىراپ، ئىنجىقلاپ ياتقان قادىر شۇ تاپتا ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئىدى. يەردە ئاققان قانلار لاي بولۇپ ئۇيۇشقا باشلىغان بولۇپ، كۆرگەن كىشىنى سۈر باساتتى.

- ھاشىمجان بالام، جۇر، بىزنىڭ بالىغا دە، مەپىنى تەييار قىلسۇن. دوختۇرخانىغا ئېپچىقايلى. تېز بول بالام...

دەسلەپ ئىشىكنى ئېتتىرگەن كىشى شۇ گەپنى دېيىشى بىلەن ئىشىكنى تېپىپ ئاچقان يىگىت يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى. سەمەت ئۇلارنىڭ گېپىدىن سەل ئەسىگە كېلىپ، ئۆي ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. كۆزى قان ئىچىدە ياتقان ئاكىسىغا چۈشۈشى بىلەن تەڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشتى:

- سەن تېخى ئۆلمىدۈڭمۇ نىجىس!...

سەمەتنىڭ ئاچچىقى چىققاندەك ئەمەس ئىدى. قان ئىچىدە ئىڭراپ ياتقان ئاكىسى شۇ تاپتا ئۇنىڭغا قەبىھ دۈشمەندەك كۆرۈنۈپ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدىن كۈچلۈك نەپرەت ئوتى يېلىنجىماقتا ئىدى. توختىماي يىغلاۋاتقان موماي يىغا ئارىلاش نېمىلەرنىدۇر دەپ گۇڭگىرايتتى. قىسقىغىنا شۇ ئارىلىقتا قادىر سەمەتكە قورقۇنچ بىلەن قاراپمۇ ئۈلگۈردى. قادىرنىڭ كۆزلىرىدىكى قورقۇنچنى كۆرۈپ سەمەتنىڭ تېخىمۇ غەزىپى ئۆرلىدى. ئۇ قادىرغا تاشلانماقچى بولۇپ، پالتا تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىشىغا، موماي قاتتىق بىر چىرقىرىغىنىچە سەمەتنىڭ پالتا تۇتقان قولىغا ئېسىلىۋالدى:

- مېنى ئۆلتۈرۈۋەت! بالا تۇغقان گۇناھىم بار، باققان گۇناھىم بار! مانا مېنى ئۆلتۈرۈۋەت! تويدۇم بۇنداق جاندىن!...

سەمەت ئانىسىنى سىلكىۋەتمىدى، قادىردەك ئىتتىرىۋەتمىدى. ئەكسىچە كۆزلىرىنى قادىرنىڭ ئوچۇق پېتى قېتىپ قالغان كۆزىگە تىككىنىچە جايىدا توختىدى. قادىرنىڭ يارىسىنىڭ ئېغىزىنى تېپىش بىلەن بولۇپ كەتكەن يەنە بىر كىشى بولسا قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى. كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلاردىن ئۇنىڭ ئەقلى ھەيران ئىدى.

تالادىن يۈگرۈپ كىرگەن يىگىت ھاسىرىغىنىچە دېدى:

- قاسىماخۇنكا، يىمتاخۇن مەپىنى تەييار قىلىپ قالدى. قادىركامنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئاچىقىپ تۇرايلىمىكى؟

قاسىماخۇن ئىسىملىك بۇ كىشىنىڭ قۇلىقىغا ياش بالىنىڭ گەپلىرى كىرەر ئەمەس ئىدى. ئۇ لاغىلداپ تىترىگىنىچە، تېخىچە سەمەتكە ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلىپ قان-يامغۇر يىغلاۋاتقان مومايغا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇراتتى. تالادىن كىرگەن يىگىت ئۆيدىكى قاڭسىق قان پۇرىقىغا تەستە چىداشلىق بېرىۋاتاتتى، قادىرنىڭ پۈتۈنلەي قان ئىچىدە قالغان بەستىگە قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئاينىدى.

موماي قادىرنىڭ قولىدىكى پالتىنى تارتىۋېلىپ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ھويلىغا ئېتىۋەتتى، ئاندىن قادىرنىڭ ئەسىمنى چاقىرىپ ئۇنى سىلكىشكە باشلىدى. سەمەت ئېغىرلاشقان قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ، ھويلا تەرەپكە ماڭدى.

ئۇلار قادىرنى بىرسى مۈرە تەرىپىدىن، يەنە بىرسى پۇتى تەرىپىدىن كۆتۈرۈپ، تالاغا ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا سىرتتىن يەنە ياشلا ئىككى بالا ئالدىراش كىرىپ كەلدى.

- دادا، مەپە تەييار بولدى- دېدى چوڭراقى دادىسى كۆتۈرگەن قادىرنىڭ پۇتى تەرىپىگە كېلىپ دادىسىغا ياردەملەشكەچ- قايسى دوختۇرخانىغا ئېپچىقىمىز؟

- قايسى يېقىن بولسا شۇنىڭغا، ئەھۋالى خەتەرلىك، چاققانراق بولۇڭلار...

ئۇلار قادىرنى تۇتۇشمۇ - تۇتۇشتىن كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، سەمەت تۈنۈگۈن ھەمراگۈلنى سۆرەپ كېلىپ ئۇرغان يەرگە قادىلىپ قارىغىنىچە جىمجىت تۇراتتى. سەمەت ھويلىدا يالغۇز قالدى، ئۇنىڭ ئازاب بىلەن تولغان يۈرىكى چەكسىز بىر پۇچۇلىنىش ئىلكىدە قالغان

ئىدى. بىر چاغدا «ۋاي بىتەلەي ھەمرايىم...» دەپ ھازا ئاچقىنىچە سەمەتتىن بۆلەك ھېچكىم قالمىغان بۇ ھويلىغا مېھرىبان كىرىپ كەلدى.

قادىر دوختۇرخانىغا بېرىشقا ئۆلگۈرمەيلا يېرىم يولدا جان ئۈزدى. شۇنداقتىمۇ موماينىڭ يىغلاپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن قادىرنىڭ جەسىدىنى دوختۇرخانىغىچە ئېلىپ كىرىپ، دوختۇرنىڭ «جان ئۈزۈپ بوپتۇ» دېگەن سۆزىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلا شقا توغرا كەلدى. موماينىڭ قىيا - چىيا، داد - پەرىيادلىرى جاھاننى زىلزىلىگە سالدى. دوختۇرخانا ھويلىسىدا جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ كېلىنگەندەك سۇۋارى قان ئىچىدە تىنىقسىز ياتقان قادىر ۋە ئانىنىڭ يىغىسى بىردەمدە بىر مۇنچە ئادەم يىغدى. كىملەردۇر ساقچىغا خەۋەر قىلىپمۇ ئۆلگۈرگەن ئىدى. بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ئايىمنىسا تېخىچە بارىتاخۇننىڭ ئۆيىدە ھەمراگۈلگە كېپەنلىك تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. قادىر بىلەن سەمەت ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ۋە قادىرنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتكەنلىك خەۋىرى قاسىماخۇن ئاكىنىڭ كىچىك ئوغلى ئارقىلىق ئايىمنىساغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەر - ئاسمان چۆرگىلىدى. دەھشەتلىك بوران چىقىپ، بۆرىلەر ھۇۋلىدى. كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى. يىغلاشقىمۇ پېتىنالمىغان ئايىمنىسا لىۋىنى چىڭ چىشلىگەن پېتى يىقىلىپ قوپۇپ، مۇدۇرۇپ تەمترەپ دېگۈدەك ئۆيىگە كەلدى. بىراق، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ھوجرا ئۆيى بولسا قان بىلەن بۇلغانغان ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى. يەردە ئۇيۇپ قېتىپ قالغان قان، ھويلىدىكى قان يۇقى كىچىك پالتا، قاغا تۇمشۇقى بۇزۇپ ئېچىلغان ئىشىك... بۇلارنى كۆرگەن ئايىمنىسا جايىدىلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

بىردەمدە مەھەللىنى ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى قاپلاپ كەتتى. ۋەھىمە پەيدا قىلىپ چىرقىرىشىپ كىرىپ كېلىۋاتقان ئۈچ ماشىنا قاتارلىشىپ توختاپ، ئىچىدىن يالاڭباش، پاگونلۇق ھەربىيچە چاپان، قېلىن چەملىك ھەربىيچە ئاياق كېيگەن ساقچىلار چۈشتى ۋە سەمەتلەرنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كېتىشتى. پۈتۈن مەھەللىنىڭ ئادەملىرى سەمەتلەرنىڭ قوروسى ئالدىغا يىغىلغان ئىدى. ئۇلار كۆرۈشكە شۇنچە قىزىققانسىرى، ساقچىلار توسۇۋېلىپ دەرۋازىدىن كىرگىلى قويمايۋاتاتتى. گەپ سورىسا ئالىيىپ قويغاندىن باشقا ئىپادە بىلدۈرمەيتتى.

ساقچىلار سەمەتنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن، قادىرنىڭ بالىلىرىدىن بىرمۇنچە سوئاللارنى سورا شتى. قان ئۇيۇپ قالغان ھوجرا ئۆي، بۇزۇلغان ئىشىك، قان يۇقى پالتا، قادىرنىڭ جەسىدى قاتارلىقلارنى رەسىمگە تارتتى.

ئايىمنىسا شۇ ھۇشىدىن كەتكىنچە تولۇق ئېسىگە كېلەلمىدى. ئاغزى مايماق، بىر كۆزى يۇمۇلۇپ قىيسىيىپ قالغان ھالەتتە بولۇپ، بەدىنىنىڭ ئوڭ تەرىپى ھېچنىمىنى سەزمەيتتى ھەم مىدىرلىمايتتى. ئۇ گەپمۇ قىلالمىغاچقا ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئۇققىلى بولمىدى.

ساقچىلار بىر قاتار دەلىللەرنى يىغقاندىن كېيىن، تامغا يۆلىنىپ بىشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان سەمەتنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، قولىغا كويىزا سالدى. ئاندىن ئىككى ساقچى ئۇنى يالاپ ئېلىپ چىقىپ ماشىنىغا چىقاردى. دەرۋازىدىن چىققۇچە جىمى مەھەللە ئەھلىنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا، قولىدىكى كويىزىدا ئىدى. كۆزلىرىدە ياش ئەلەڭلەپ تۇرغان مومايلار، ئۇھسىنىشاتقان بوۋايلار، ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنچە خەيرلىك تىلەپ تۇرۇشقان ياشلار، ئاياللار... ھەممىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى.

تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىن غەم بۇلۇتلىرى ئەگىپ تۇرغان سەمەت خۇددى «ئاخىرقى قېتىم كۆرىۋالاي» دېگەندەك، مەھەللىدا شىلىرىغا، توپىلىق يولغا، ياغاچ دەرۋازىغا، سۇۋاقلىرى ئاجرىغان ھويلا تېمىغا، ۋە دەرۋازا ئالدىدىكى بىر توپ قېرى ئۇجمە دەرىخىگە تويىماي قارىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئەگىدى. دەرۋازىدىن «ۋاي بالام» نى توۋلىغىنىچە پايپاسلاپ چىققان موماي ئۇنى قوچاقلاپ مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى. ئەڭ زور غەيرەت بىلەن چىداپ تۇرىۋاتقان سەمەت مومايىنىڭ يىغلىشى بىلەن ئۆزىنى تۇتالمىدى. تاتىراڭغۇ يۈزلىرىنى بويلاپ ئاققان كۆز ياشلىرى ئىككى كۈن ئىچىدە ئۆسىۋپ كىرپە تىكىنىدەك بولۇپ كەتكەن سېرىققا مايىل ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى...

ساقچىلار ئۇنى ماشىنىغا چىقاردى. ماشىنا مەھەللىنىڭ ئوڭغۇل - دوڭغۇل توپا يوللىرىدا ئىگىز - پەس تەۋرىنىپ ماڭماقتا ئىدى. سەمەت ئۇمىد سىز كۆزلىرىنى دېرىزە سىرتىغا تىكتى. توپا چىراي، ئاددى - ساددا مەھەللىداشلىرى، سۆيۈملۈك مەھەللە، قىڭغىر - قىيسىق توپا تاملىق ئۆيلەر، ماشىنا كەينىدىن يىقىلىپ - قوپۇپ يۈگرۈپ كېلىۋاتقان ئاجىز ئانىسى، ئار - نومۇس ئوتىدا، پەرزەنت پىراقىدا ئۆرتىنىپ ئۇنسىز ياش تۆكۈۋاتقان دادىسى... ھەممە، ھەممە بىر - بىرلەپ كەينىدە قېلىۋاتاتتى. شۇنداق، بىر چاغلاردا ئۇ مۇشۇ يوللاردا ھەمراگۈل بىلەن بىللە مەكتەپكە باراتتى. يەنە مۇشۇ يوللاردا جىلتىلىرىنى ئېسىپ مەكتەپتىن قايتىپ كېلەتتى. مۇشۇ يوللاردا قويلىرىنى ھەيدەپ يىراقتىكى جىگدىلىككە بىللە بېرىپ، بىللە قايتاتتى. مۇشۇ يوللاردا مېڭىپ ئېتىزدىن بىللە قايتىپ كېلىشەتتى. مانا ئەمدى بۇ يولدا ئۆزى يالغۇز بارسا كەلمەس يولغا كېتىۋاتىدۇ... ھەمرا... سەمەت ھەمراگۈلنى بۇ يولدا ئۆزىگە ئاخىرىغىچە ھەمراھ بولىدۇ دېگەن ئىدىغۇ؟!...

ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگنال ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئېلىپ، بىر ھازا چىرقىرىغاندىن كېيىن بارا - بارا يىراقلاپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەتراپقا گۈگۈم پەردىسى يېپىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگنال ئاۋازى يىراقلاشقا ئەگىشىپ، بارتاخۇننىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى مەھەللىگە تەكشى تارالدى...

ياڭخىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: ياڭخىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: ياڭخىن، تەبەسسۇم، **oquqin**

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net